# مۇجاھىدنى يىغلاتقان قىز

ئاپتورى: مۇسافىرە توختى



قۇتادغۇ بىلىك نەشرىياتى

ئاپتورى: مۇسافىرە توختى
مۇجاھىدنى يىغلاتقان قىز
قۇتادغۇ بىلىك نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەربان ئۇيغۇر

مۇجاھىدلار بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز
چۈنكى سىلەرنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ
بىز سىلەرنى قوللايمىز بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا
سىلەرنىڭ خىزمەتلىرىڭلارنى قىلىش بىز ئۈچۈن شەرەپتۇر ،
سىلەر زېمىن ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ دوستلىرى سىلەر .
سىلەرنىڭ تەرلىرىڭلارنى تۆكۈشمۇ ماڭا سۆيۈملۈكتۇر .
چۈنكى ، بىز ۋەتەندە ئاللاھتىن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى .
قىلىشنى قايتا - قايتا سورىغان ئىدۇق

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇللا ئۇيغۇر

# مۇجاھىدنى يىغلاتقان قىز

ئاپتورى: مۇسفىرە توختى



قۇتادغۇ بىلىك نەشرىياتى

مەن بۇ ئەسەرلەرنى يېزىش جەريانىدا ئالىم
ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋە قىممەتلىك
سۆزلىرىدىن مەنپەئەتلەندىم، رەببىمدىن ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ۋە ئۇلارغىمۇ
كاتتا ئەجىرلەرنى بېرىشىنى تىلەيمەن.

كىتابنى سېتىشقا بولمايدۇ! بۇ كىتاب
ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا
ھەدىيەدۇر.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز..........................................................3
مۇقەددىمە ........................................................6
دادام بولغان بولسا ..............................................8
سىزمۇ يېرىۋەتتىڭىزغۇ؟ ......................................11
توپ ساياھەتچىسى ..............................................13
ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ........................................16
ئاياللارنى ئاسرايلى ............................................18
نېمىشقا بىرلىشەلمەيدىغاندىمىز؟! ............................21
كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان ئىشلار............................24
ياشلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى! ......................................31
ئەڭ ۋاپادار دوست..............................................33
كوسراپ ۋەقەسى ................................................37
غەرب ئەللىرىدىن ئىززەت ماكانلىرىغا قىلىنغان سەپەر .........53
ھەمشىرىلەرگە نەسىھەت..........................................64
مۇسىبەت بوپتۇ. . . ..............................................66
خۇش بېشارەت ئېلىگلار ..........................................70
دوستۇمغا نەسىھەت ..............................................74

قىزىمغا نەسىھەت ........................................................76
ئۇزۇم پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل ......................................................84
غېرىب كۆلبەم ........................................................91
ئاياللارنى قەدىرلەيلى ......................................................94
مەشئەللەر ........................................................96
ئىززەتلىك ھايات ......................................................102
مۇستەھكەم بىنا ......................................................107
دىققىتىمنى تارتقان كىچىك بالا ......................................................112
جەننەت يولى ......................................................116
ئانا! ......................................................121
مۇسلىمەلەر ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ......................................................126
مۇجاھىدە ھەمشىرىمىز ......................................................132
ئەينەك بىلەن كاستۇم ......................................................145
كېلىڭلار! نىجادلىق يولىدا بىرگە ماڭايلى ......................................................147
مۇجاھىدلارنى يىغلاتقان قىز ......................................................153
ئايالىڭىزنى چۈشىنىڭ ......................................................178
ئېرىڭىز ئۈچۈن ......................................................182

# كىرىش سۆز

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئالىي مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى اﷲ قا خاستۇر. بىز اﷲ تعالى نى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە مەدھىيەلەيمىز، ئۇنىڭدىن بارلىق ئىشلىرىمىزدا ياردەم تەلەپ قىلىمىز، ئۇنىڭدىن بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلىشىنى تىلەيمىز، اﷲ قا چىن قەلبىمىزدىن سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئەمەللىرىمىزنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز. اﷲ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، اﷲ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. مەن يەككە - يېگانە، شېرىكى يوق اﷲ تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ اﷲ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، اﷲ نىڭ رەھمىتى مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىغا بولسۇن.

مەن ئۇزۇندىن بۇيان، مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ بىر شاخچىسى بولغان، ئەزىز، جاپاكەش، پىداكار، سەۋرچان، ئاق كۆڭۈل، جەسۇر ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىغا اﷲ رىزالىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى يول خەرىتىسى ھەققىدە ئازدۇر-كۆپتۇر پىكىر بىلەن تەمىنلەيدىغان؛ غېرىب - مۇساپىرچىلىقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى يەتكۈچە تارتىپ، يۈرەك باغرى ئېزىلىپ، ئەزىز ۋەتەنگە ۋە ۋەتەن تۇپرىقىدىكى يۈرەك پارىلىرىغا بولغان سېغىنىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، مۇڭ - زارلار بىلەن ئۇزۇن كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمنىڭ

مسكىن قەلبلىرىگە مەلھەم بولغۇدەك، ئۇلارنىڭ زالىم كاپىرلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا چۈشكۈنلىشىپ، ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالغان روھىيىتىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان؛ ئارقىمۇئارقا دۇچار بولۇۋاتقان بېسىم ۋە ئىمتىھانلار تۈپەيلىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەن ئەزىز قېرىنداشلىرىمغا سەۋرنى تەۋسىيە قىلىدىغان . . . بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇنىڭ رويابقا چىقىشنى مېھرىبان الله تىن تىلەپ كەلگەن ئىدىم. الله قا چەكسىز ھەمدە ۋە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، الله نىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم.

ئەسەردە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئېچىنىشلىق تارىخى ئىخچام تەرزدە يورۇتۇلۇشقا، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقىتلىرىدىكى مەقسەت - نىشانلىرى ئازراق بولسىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشقا تىرىشىلدى.

شۇنداقلا، ئەسەر مۇساپىرچىلىق ھاياتىدا، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولغان ئىسلامىي ئائىلىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن ھەق - ھوقۇقلىرىنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشى ھەمدە شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ياشاۋاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەردە يۈرەك پارىلىرىمىز بولغان قىز - يىگىتلەرنىڭ يولدىن چىقىپ، ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان تەربىيەلەرنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناچار مەسىلىلەرگە قارىتىلغان تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بىلىم سەۋىيەمنىڭ چەكلىك، تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبلىك، ئۇشبۇ ئەسىرىمدە خاتالىقلار ۋە كەمچىلىكلەردىن ساقلىنالماسلىقىم ئېنىق. ئەزىز قېرىنداشلىرىمنىڭ تۈزىتىپ، توغرا چۈشىنىپ ئوقۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ئاخىردا، مېھرىبان اﷲ تىن بۇ خىزمىتىمنى پەقەت ئۆزىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىپ بېرىشىنى، بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر ئەزىز قېرىندىشىمنىڭمۇ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىشىنى ۋە بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، پۈتكۈل تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ئاپتور: مۇسفىرە توختى

# مۇقەددىمە

مەن مېنى شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ بېقىپ، مېنىڭ ھەر جەھەتتىن لاياقەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىم ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان ئەزىز ئاتا - ئانام بىلەن خوشلاشماستىنلا، بۇ مۇشكۇل ھىجرەت سەپىرىگە ئاتلانغانىدىم.

مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تولۇق قىلالمىغان، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغانىدىم. مالايسىياغا كەلگەندە، دادام ۋە ئانام بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سەپىرىمدىن رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بىراق، مەن ئۇلار ياشىنىپ قالغان، ماڭا ئەڭ موھتاج ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى الله قا تاپشۇرۇپ بۇ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاچقا، ئۇلاردىن ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. دەرۋەقە، مۇھاجىرەتتىكى كۈنلىرىمدە، يۈرىكىم، جان - جىگىرىم، كۆيۈمچان سىردىشىم بولغان ئەزىز ئاتا - ئانام الله نىڭ تەقدىرى بىلەن ماڭا ئاتا - ئانامدىنمۇ مېھرىبان بولغان رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتىشتى. مۇھاجىرەتتىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۇلارنىڭ نامىزىغا قاتنىشالمىدىم. پۈتكۈل ھاياتىنى بالا — چاقىلىرىغا ئاتىغان مېھنەتكەش ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ نامىزىغىمۇ قاتنىشالماسلىقنىڭ بىر پەرزەنتكە قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى پەقەت مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بولغانلارلا ھەقىقي رەۋىشتە ھېس قىلالىشى مۇمكىن. يۈرىكىمدە گويا چوغ كەبى يېلىنجاۋاتقان بىر ھەسرەت بار، ھەر قېتىم ئۇلارنى ئەسلىگىنىمدە يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ كىتابنى الله نىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئاشۇ ئاتا - ئانام (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) ئۈچۈن سەدىقە جارىيە بولار دېگەن ئۈمىدتە يېزىپ چىقتىم. الله سبحانە ۋەتعالى دىن بۇ ئەمەلىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئەسىرىمنى ئاتا - ئانام

ۋە ئوماق قىزىم، شۇنداقلا بارچە قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

بۇ كىتابنى سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ۋە الله رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئەزىزلىرىمگە ھەدىيە قىلىمەن. بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشۇمغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولغان قەدىرلىك، ئەزىز قېرىنداشلىرىمغا رەھمىتىمنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، الله تىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئەملىنى قوبۇل قىلىپ، جەننەتۇل فىردەۋسكە كىرىشكە ۋەسىلە قىلىپ بېرىشىنى، ۋە بارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن. الله دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

# دادام بولغان بولسا

زەينەپ ئۆيدە چۈشلۈك تاماقنا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئىشىكتىن ئىككىنچى ئوغلى كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئوغلىغا: «ئەھمەد بالام، ئويناپ بولدۇڭمۇ؟ چاقىرغىلى سالماي كىرىپسەن مانا! ماشا اللّٰه» دېدى — يۇ، ئوغلىدىن سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارىۋىدى، بالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ لىق ياشقا تولغانلىقىنى كۆردى.

ـ نېمە بولدى ئوغلۇم؟ بىرەرسى بىرنەرسە دېدىمۇ؟ ـ دېدى زەينەپ ئەندىكىپ.

ئوغلى لام - جىم دېمەستىن بېشىنى ئىككى بىلىكىگە قويۇپ كارىۋاتتا دۈم يېتىۋالدى. ئوغلىغا زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن زەينەپ: «جېنىم ئوغلۇم، ئېيتساڭچۇ! زادى نېمە ئىش بولدى؟» دېدى.

ئوغلى ئانىسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەستىن ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

ـ ئوغلۇم بۇ يىل 14 كە كىردىڭ، چوڭ بولدۇڭ، كىچىك بالىلاردەك قىلىقنى تاشلا ئەمدى! نېمە بولغانلىقىنى سورىسام يا ئېيتمايسەن! سەن بولساڭمۇ مېنى ئارامىمدا قويساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدى زەينەپ ئىزتىراپ ئىلكىدە.

ئۇ ئەھمەدكە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئويۇنغىلى چىقىپ كەتكەن ئالتە ياشلىق كىچىك ئوغلى ئابدۇللاھ «ئانا!» دەپ يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

ــ ۋاي جېنىم بالام! ساڭا نېمە بولدى ئەمدى؟ بىرەرسى ئۇرۇۋالدىمۇ يا؟ بۈگۈن قۇربان ھېيت تۇرسا، خۇشال - خۇرام تۇرساڭلار بولمامدۇ؟ باللىرىمنىڭ بويىنى قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ، قوي ئېلىپ ئەككى ئاينىڭ ياقى جاپادا بېقىپ، ئاۋۋال رەببىمنىڭ رىزالىقى ئۇچۇن، ئاندىن قالسا باللىرىمنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولسۇن دەپ قۇربانلىق قىلدىم، ھېيتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشۈڭلار ئۈچۈن تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم! مېنى يەنە نېمانچە قىينايسىلەر؟ ماڭىمۇ ئاسان ئەمەس، جېنىم باللىرىم! ــ دېدى زەينەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

شۇنىڭ بىلەن، كىچىك ئوغلى ئېسەدىگىنىچە:

ــ ئانا! ئەگەر دادام بولغان بولسا، بىزنىمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش كۆل بويىغا سۇغا چۈشۈپ ئويناشقا ئاپىراتتى ھە؟ بۈگۈن مەھەللىدىكى دادىسى بار باللارنىڭ ھەممىسىنى دادىلىرى ماشىنىغا چىقىرىپ كۆل بويىغا ئەكەتتى، ــ دېدى.

ئوغۇللىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى چۈشەنگەن زەينەپ ئەمدى ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. باللارنىڭ دادىسى ئېسىل، سالىھ كىشى بولۇپ، باللىرىغا بەكلا ئامراق ئىدى. دادىسى إِنْ شَاءَ اللَّهُ شېھىد بولۇپ كەتكەنىدى. زەينەپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ:

ــ جېنىم باللىرىم يىغلىماڭلار! الله خالىسا، پات يېقىندا داداڭلار بىلەن پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ھەۋزى كەۋسىرىنىڭ بويىدا ئۇچرىشىسىلەر، الله نىڭ ئىزنى بىلەن داداڭلار سىلەرنى شۇ يەردە ئويناتىدۇ، ــ دېگەچ ئوغۇللىرىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى.

ـ راستمۇ ئانا؟ راستلا دادام بىلەن كۆرۈشەلەمدۇق؟ مەن دادامنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام، دادام مېنى قانداق تونۇيدۇ؟ ـ كىچىك ئوغلى سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

بىچارە نارەسىدىنىڭ سوئاللىرى ئانىنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەزدى.

ـ جېنىم بالىلىرىم! (اللّٰه داداڭلارنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلغاي!) اللّٰه خالىسا، داداڭلار بىلەن چوقۇم كۆرۈشەلەيسىلەر، چۈنكى اللّٰه نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. اللّٰه سىلەرنى بىر - بىرىڭلارغا تونۇتىدۇ. اللّٰه خالىسا داداڭلار سىلەرنى جەننەتنىڭ كۆلچەكلىرىدە ئوينىتىدۇ.

ـ ئانا! جەننەتتە كۆل بارمۇ؟

ـ ھەئە، بار جېنىم بالام! جەننەتتە ئىنساننىڭ كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قەلبىدىن كېچىپ باقمىغان ۋە قۇلىقى ئاڭلاپ باقمىغان كاتتا نېمەتلەر بار.

ـ ئانا! جەننەتتە ئاق ئات بارمۇ؟

ـ بار ئوغلۇم، بار! سەن نېمىنى خالىساڭ شۇ بار.

كىچىك ئوغۇل خۇشلۇقىدىن سەكرىگىنىچە:

ـ ئوئوئو . . . ئەجەب ياخشى! دادام مېنى جەننەتكى كۆلدە سۇ ئۈزدۈرۈپ ئوينىتىدۇ . . . مەن ئاق ئاتقا مىنىپ ئوينايمەن، ـ دېدى.

# سىزمۇ يېرىۋەتتىڭىزغۇ ؟

ئىشىك تولىمۇ قاتتىق ئۇرۇلدى. بۇ قوپال ئاۋازدىن خۇيى تۇتقان ئايگۈل: «ۋاي كىمۇ ؟» دەپ توۋلىۋىدى، سىرتتىن بىرەيلەننىڭ توڭلۇق بىلەن: «مەن! ئىشىكنى ئاچسىلا! سىلىگە گېپىم بار» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايگۈل غودۇرىغىنىچە ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئىشىك ئالدىدا قوشنىسى بېشىدىن قان ئېقىۋاتقان ئالتە -يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئوغلى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئايگۈل بالىنىڭ تۇرقىدىن چۆچۈپ كەتتى.

ــ ماڭا قارىسىلا! ئوغۇللىرىغا تۈزۈك تەربىيە قىلسىلا! بالا دېگەننى تۇغۇپلا قويسا ھېساب ئەمەس، تەربىيەنى ياخشىراق قىلمىز، ئەخلاق ئۆگەتمىز، بولمىسا ھايۋاندىن پەرقى قالمايدۇ، ــ دېدى قوشنىسى ئايال چالۋاقاپ.

دەل شۇ چاغدا دوختۇر ماشىنىسى سىگنال ئۇردى - دە، «قورساق كۆپۈكى»نى چىقىرىۋالغان قوشنا ئايال بالىسىنى يېتىلەپ ماشىنا تەرەپكە تېز مېڭىپ كەتتى. ئايگۈل جاندىن ئۆتكۈدەك سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئۆي ئىچىدىن ئەر كىشىنىڭ:

ــ ئانىسى، كىمكەن ئۇ؟ نېمە ئىشى باركەن؟ ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال يىغلامسىرىغىنىچە ئۆيگە ماڭغاچ:

ــ كىم بولاتتى ؟ قوشنىمىزكەن! ما سىلىنىڭ ياغاچ قۇلاق باللىرى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇمىش.

ــ خەپ، ما گۇينى! ــ ئېرى شۇنداق دېگىنىچە بوسۇغىدىن چىقىپ ئايالى بىلەن دوقۇرۇشتى. ئايگۈل يىغلىغان ئىدى.

ــ يىغلاپسىزغۇ ؟

ــ شۇنچىۋالا گەپنى ئاڭلىسام يىغلىمامتىم ؟

ــ بۇ گۈينى بىر ئادەم قىلمىسام، ئىش تېرىپلا يۈرگەن.

دەل شۇ پەيتتە سەككىز ياشقا كىرگەن ئوغلى زۇبەير ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك، بىغەملىك بىلەن كىرىپ كەلدى.

ــ نېمىش قىلدىڭ؟ ــ دېدى دادىسى زەردە بىلەن.

ــ ئويناپ كىردىم، ــ دېدى بالا پەرۋاسىزلارچە.

ــ ما گۈينى قارا! ھەي! قوشنىمىزنىڭ بالىسىنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپسەنغۇ؟ نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟

ــ توپۇمنى ئېلىۋالغانتى، شۇڭا ئۇردۇم.

بالا دادىسىنىڭ زەردىسىگە ھېچ پىسەنت قىلمايۋاتاتتى.

ــ ھەي! ئۆپكەڭنى بېسىۋالساڭ بولمامتى؟ بىر دەم ئوينىۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرەرتى؟!

ــ سەنمۇ ئۆتكەن قېتىم ئۆي تەقسىم قىلىدىغان داموللام ئاكاشنى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتتىڭغۇ؟ سەنمۇ ئۆپكەڭنى بېسىۋالغان بولساڭ، داموللام ئاكاش ئۆي بېرەتتىغۇ؟

دادا گەپنىڭ بېشىنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇيى تۇتقانلىقتىن، بالىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەندى، ئەمما گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ، قولى ھاۋادا تۇرۇپ قالدى.

# توپ سایاھەتچىسى

ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

ـ كىم؟

ـ مەن، ئاداش.

ـ مەن دېگەن كىم؟

ـ زەينۇرە!

ـ ھە، مانا ھازىر ئاچاي.

گۈلنىسا ئىشىكنى ئاچتى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاداش، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ مەن كىرمىسەم، مېنى يوقلاپ چىقايمۇ دېمەيسەن، ـ دېدى زەينۇرە.

ـ كېلە ئاداش، مەنمۇ سېنى ياد ئېتىپ ئولتۇرغانتىم، اﷲ دىلىڭغا سېلىپ كىرىپسەن مانا، اﷲ رازى بولسۇن.

ـ امىن. اﷲ ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن ئاداش.

ـ چاي قۇيايمۇ ئاداش؟

ـ بولدى ئاداش، اﷲ رازى بولسۇن. مەنمۇ ئۇزۇن ئولتۇرالمايمەن، كېلە بىرئاز مۇڭدىشايلى، ـ زەينۇرە شۇنداق دېگەچ كارىۋاتتىكى تېلېفون كۆزىگە چېلىقتى ـ باللىرىڭنىڭ ھېچقايسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئاداش.

ـ ھە . . . ئۇلار سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن، چاقىرمىغۇچە كىرمەيدىغۇ ئۇلار.

ـ ئاداش، نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭ؟

ـ شۇ باشقا ئىشمۇ يوق قارا، بەزىدە تېلېفونغا بەكرەك قاراپ قېلىپ، شۇنىڭغا كۆپرەك ۋاقتىم كېتىپ قېلىۋاتىدۇ.

ـ ھە مۇنداق دە، بىرەر دەرس توپلىرىدىن دەرس ئېلىۋاتامسەن؟ ياكى ئۈممەت ئۈچۈن خىزمەت قىلاي دەپ دەرس توپى قۇرغانمىدىڭ؟ ـ دېدى زەينۇرە.

ـ ۋاي نەدىكىنى دەيسەن ئاداش! ھازىر دەرس توپلىرىمۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. سودا توپلىرىچۇ تېخى؟ ھەرخىل چىرايلىق، يېڭى مودا بولۇۋاتقان كىيىملەرنىڭ رەسىم - ۋىدىيولىرى يوللىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىيىملەرگە قارىساڭ، شۇنچىلىك چىرايلىقكى، كىيگۈڭ كەلمەي قالمايدۇ. ئەمما باھاسى بەكلا قىممەت. ئالالمىساممۇ قاراپ قويىمەن دېگىنە. يەنە تېخى توپلاردا پات - پات بەس - مۇنازىرە بولۇپ تۇرىدۇ، ـ دېدى گۈلنىسا زوق — شوق بىلەن.

ـ مۇنداق دېگىن. شۇڭا مېنى يوقلاشقا ۋاقتىڭ چىقماپتۇ - دە، شۇنچە كۆپ توپلار تېلېفونۇڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويمامدۇ؟ ـ دېدى دوستىنىڭ بۇ ھالىدىن ئۆكۈنگەن زەينۇرە.

ـ ۋاي ئاداش، مەن توپلارغا كىرىپ، كۆڭلۈمگە ياقىدىغان گەپ - سۆزلەر بولسا، شۇ توپقا مۇقىملىشىمەن. بولمىسا، چىقىپلا كېتىمەن دېگىنە.

ـ ئۇنداقتا سەن توختىماي توپلارغا كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان توپ ساياھەتچىسى بوپسەندە! ۋاقتىڭنى بۇنداق بىكار ئۆتكۈزگۈچە، شۇنىڭ ئورنىغا قۇرئان ئوقۇساڭ، زىكىر - تەسبىھ ئېيتساڭ، ياكى پەرزەنتلىرىڭنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلسەڭ بولمامدۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن، سەن بىر پادىچى. قىيامەت كۈنى شۇ پادىلىرىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن. بىز نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قولىمىزدىن بېرىپ قويدۇق. پەرزەنتلىرىمىز بىز ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. ئۇلارنى بىز ياشىغان مۇھىتتىن نەچچە ھەسسە مۇرەككەپ مۇھىت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بىز ئۆزىمىز ئۆگىنەلمىگەن ئىلىملەرنى شۇلارغا ئۆگىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، ئۇلارغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

ــ اللّٰه سەندىن رازى بولسۇن ئاداش، بۇ نەسىھەتلىرىڭنى ئەلۋەتتە ئاڭلايمەن. دېمىسىمۇ، يېقىنىنىڭ ياقى تېلېفون بىلەنلا بولۇپ، نەپلە ئىبادەتلىرىممۇ ئازلاپ كەتتى. ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ. ئەسلىدە مەن بۇرۇنقى ئىبادەتكە ھېرىس ھالىتىمنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، شۇڭا ئىچىم سىقىلىپتىكەن. ساڭا كۆپ رەھمەت ئاداش، ماڭا مۇشۇنداق ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، پات - پات كىرىپ تۇرغىن.

ــ بولىدۇ ئاداش، مەنمۇ كىرىپ تۇرىمەن. ئەمما، پېشۋالىرىمىز «ئىلىم ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ، ئەكېتىلىدۇ» دېگەنىكەن. شۇڭا، سەنمۇ بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ تۇرغىن، ئىمانلىشىمىز، ــ دېدى زەينۇرە.

# ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك

ــ ئەي قىز! نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە غەمكىن كۆرۈنىسەن؟ ئەزىز ۋەتىنىڭدىكى ياشانغان ئاتا - ئاناڭنى ئەسلەپ يىغلاۋاتامسەن؟ چىرايىڭ شۇنچىلىك سولغۇن. كۆزلىرىڭدىن سىېغىنىش ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرۇپتۇ، نېمە بولدۇڭ؟ يالغۇزلۇق ھېس قىلىۋاتامسەن؟ دەرد - ئەلەملىرىڭنى ئېيتىدىغان بىرەر سىرداش تاپالمىدىڭمۇ؟ ياكى ئۆزۈڭ ئىشەنگەن، ياخشى كۆرگەن دوستلىرىڭدىن ئازار يېدىڭمۇ؟ ياكى چىن دىلىڭدىن سۆيگەن كىشىڭ ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىمۇ؟

ــ ئاتا - ئانام مەن ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. مەن مۇھاجىرلىق ھاياتىمدا ھەقىقىي سىرداش دوستتىن بىرەرنىمۇ تاپالمىدىم. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نىكاھلىنىش توغرىسىدىكى ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، مەھرەمسىز يۈرمەي دەپ توي قىلدىم. ئۇلار تويدىن ئىلگىرى شۇنچە كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىشتى. ئەيىبلىرىمنى ۋە كېسەللىرىمنى ئېيتساممۇ، مەن بىلەن توي قىلىش نىيىتىدىن يانمىدى. ئاجايىپ ۋەدىلەرنى بېرىشىپ، مېنى ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈرۈشتى. ئۇلار «اللہ رىزالىقى ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتقاچقا، مەنمۇ ئۇلارغا ئىشەندىم. تويدىن كېيىن، مۇسلىمە بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە سالىھە ئاياللاردىن بولۇشقا تىرىشتىم - يۇ، بىراق مېنىڭ سەممىيىتىم، گۈزەل ئەخلاقلىرىم، ئەرگە ئىتائەت قىلىشىم، تۇرمۇشتىكى ئاددىي - ساددىلىقىم ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار: «سىزمۇ پالانىنىڭ ئايالىدەك گىرىم قىلسىڭىز، چاچلىرىڭىزنى بوياپ، ياسىنىپ يۈرسىڭىز . . . ئۇنداق قىلسىڭىز، مۇنداق قىلسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپ، ئارىمىزدىكى پەرزەنتىكمۇ قارىماستىن، يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ «ئىددىتىڭىزنى

تۇتۇڭ» دەپلا مەندىن ئايرىلىشتى. تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىمدىن شۇنچىلىك كۆڭلۈم يېرىم، روھىم چۈشۈپ، ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويدۇم.

ــ ئەي قىز! ئۆز ئىشەنچىنى يوقاتقان ئىنسان، ئۆز - ئۆزىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ. سەن شۇنچە قابىلىيەتلىك، تالانتلىق! شۇلارنى اللە رىزاسى ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئىشلەتكىن. ئورنۇڭدىن دەس تۇر، اللە تىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلە. اللە خالىسا چوقۇم نەتىجە قازىنالايسەن. بېشىڭغا كەلگەن قىسمەتلەر پەقەت اللە نىڭ سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن سېنى سىناۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدۇر. ئىنسان ياخشىلىقىنمۇ، يامانلىقىنمۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ. بەلكىم اللە تارتقان رىيازەتلىرىڭنىڭ ئورنىغا ئاخىرەتتە سېنى جەننەت يىگىتلىرىگە ئايال قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، اللە سېنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ھالاۋەتلىرىدىن مەھرۇم قويغان بولۇشى مۇمكىن. سەۋر قىلغىن. اللە سېنى ئاتا - ئاناڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. بېشىڭغا كەلگەن ھېچبىر ئىش اللە قا مەخپىي ئەمەس. غېرىب بولغان دىنىڭ ئۈچۈن قەددىڭنى رۇسلاپ، مۇسلىمەلەرگە لايىق ھاياتىڭنى باشلا.

# ئاياللارنى ئاسرايلى

الله سبحانه ۋەتعالى ئاياللارنى ئالاھىدە ئىززەتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئىسلام دىنى، مۇسۇلمان ئاياللارغا ھېچقانداق دىن بەرمىگەن ئىمتىيازلارنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ئاسرىلىشقا، قوغداشقا ۋە پەرۋىش قىلىنىشقا لايىق قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلىپ بەرگەن.

بۇ خۇسۇستا بىر قانچە ھەدىسنى بايان قىلىشتا پايدا بار.

ئەنەس ئىبنى مالىك رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بىر سەپەردە ئىدى، ئاياللىرىنىڭ تۆگىلىرىنى ئەنجەشە دېگەن قۇلى قوشاق ئېيتقان ھالدا تېز ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئۇنىڭغا: «ئى ئەنجەشە! شىشىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ئاۋايلاپ ھەيدىگىن!» دېدى [سەھىھۇل بۇخارى 6210 — ھەدىس]. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بۇ ھەدىستە ئاياللارنى شىشىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى شىشىنى ئاۋايلىغاندەك ئاۋايلاش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يەنە «خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِنِسَائِهِمْ» «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىڭلاردۇر» دېگەن [سۇنەن تىرمىزى 1162 — ھەدىس، سەھىھ]

قۇرئاندىكى چوڭ سۈرىلەرنىڭ بىرى بولغان «نىسا (ئاياللار) سۈرىسى» ھەممىمىزگە مەلۇم بولۇپ، بۇ قۇرئاندىكى 4 — سۈرى بولۇپ، بۇ سۈرىدە 176 ئايەت بار.

ئاياللار ھەم ئانا، ھەم ئايال، ھەم قىزلىق سۈپىتىدە ئاسرىلىشقا لايىقتۇر.

ھالبۇكى، «ئاياللارنى ئاسراش» ئىشىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، شۇ «ئاسراش»نىڭ سۇبيېكتى (يەنى ئاسرىغۇچى) بولغان ئەرلەرنى لايىقىدا ھۆرمەتلەش ئىشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ساغلام ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

ئۇنداقتا، قانداق ئاياللار ھۆرمەتكە لايىق؟

ئەلۋەتتە، ئىمانلىق، توغرا ئەقىدىلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىتائەتچان، قانائەتچان، سەۋرچان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئىلىملىك ۋە تەقۋا، ئەخلاقلىق تەربىيەلەش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك، قۇرئاننىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بويىچە ھىجابلانغان؛ پەرزەنتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماستىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ سەلەف سالىھلار دەۋرىدىكى ئەقىدىسى سۈزۈك ياشلاردەك يېتىشىپ چىقىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان رەببانىي، جەڭگىۋار، ئەخلاقلىق ئالىملاردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان؛ شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ئاستىدا ئازابلىق ئىڭراۋاتقان خەلقنى زىنھار ئېسىدىن چىقارماي، ئۇلارغا داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئاياللارنى ھۆرمەتلىشىمىز؛ ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن تەرزدە ئىلىم ئېلىشىنى قوللىشىمىز، شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، ئاخىرەتلىكىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنى گويا نازۇك گۈللەرنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، پەرۋىش قىلىشىمىز كېرەك. دېمىسىمۇ ئۇلار ئائىلىنى ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ھىدلىرى بىلەن تولدۇرىدىغان

ئەتىرگۈلدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان ئائىلىنىڭ ئاساسلىق تەربىيەچىسىدۇر. تەربىيەچى نابۇت بولسا، ئائىلە نابۇت بولىدۇ. تەربىيەچى بىلىمسىز بولسا ئائىلىنى نادانلىق باسىدۇ. تەربىيەچى بۇزۇلسا ئائىلە بۇزۇلىدۇ - دە، نەتىجىدە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

# نېمىشقا بىرلىشەلمەيدىغاندىمىز ؟!

مۇھلىسە بىلەن فاتىمە دەرستىن يېنىپ يولدا بىللە مېڭىۋاتاتتى. مۇھلىسە؛

ــ فاتىمە! بۈگۈن كەيپىياتىڭ تازا ياخشى ئەمەسقۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ياكى ئاتا - ئاناڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭنى سېغىندىڭمۇ؟ ــ دېدى مۇھلىسە.

ــ جېنىم دوستۇم، ھەر ئىككىلىسى بار.

ــ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا يەنە بىر ئاز ۋاقىت بار ئىكەن، شۇڭا دېڭىز بويىغا بېرىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەچ، بىر دەم پاراڭلىشىپ كېلەيلىچۇ؟ ــ دېدى مۇھلىسە سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن.

ــ ماقۇل، ــ دېدى فاتىمەمۇ سۆيۈنۈش ئىلكىدە.

بۇ ئىككى قىز يانمۇيان مېڭىپ دېڭىز بويىغا كەلدى. بۇ ئىككىيلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مىسىردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغاندا، الله نىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىيەگە سالامەت كېلىۋالغان بولۇپ، تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا ھەم شەرئىي، ھەم پەننىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن كۈنلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. بۇلار بۇ جەرياندا بىر - بىرىدىن ئايرىلمىدى، بىر ئۆيدە تۇردى ۋە بىر ئۇستازدا ئوقۇدى. بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا بۇلار كۆپلىگەن رىيازەتلەرنىمۇ چەكتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ كۆپ قىينالدى. بۇلارنىڭ قىينچىلىقىنى كۆرۈپ الله رىزالىقى ئۈچۈن ياردەم بەرگەنلەرمۇ بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ پەسكەش مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانلارمۇ ھەم

بولدى (الله ئارىمىزدىكى بۇ ئادىمىي مەخلۇقلارغا ئىنساپ — ھىدايەت ئاتا قىلغاي!). ئەمما، بۇ ئىككى قىزنىڭ تەۋھىد - ئەقىدىسى ياخشى، ئىمانى سۈزۈك ۋە ئەخلاقى گۈزەل، سەممىي، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، الله سبحانه وتعالى ئۆزىنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى، ئېھسان - ئىنايىتى ۋە چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئۇلارغا پاك رىزىق ئاتا قىلدى ۋە ئىبراھىم عَلَيْهِ السَّلَامُ نى نەمرۇدنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىغاندەك، ئۇلارنىمۇ بارلىق يامانلىقلاردىن قوغدىدى.

ــ پاھ! نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ! يۈرە دوستۇم، ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرايلى، ــ دېدى مۇھلىسە.

بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق، الله نىڭ پەزلى بىلەن، قۇياش زېمىنغا ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. دېڭىزنىڭ سۈيى ئاسماننىڭ رەڭگىدە كۆپكۆك ئىدى. بۇنىڭغا ئەتراپتىكى ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەر قوشۇلۇپ، تولىمۇ كۆركەم بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ــ جېنىم دوستۇم، ئەمدى دېگىنە، نېمىشقا كەيپىياتىڭ ياخشى ئەمەس؟ ــ دېدى مۇھلىسە.

ــ ۋەتەننى ۋە ئۆيدىكىلەرنى بەك سېغىندىم، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، سېغىنىشىمۇ كۈچىيىدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن، يىغلاپ تۇرۇپ الله قا دۇئا قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئەمما، ئىچىمنى تېخىمۇ بەك ئېچىشتۇرىدىغىنى، بىز ۋەتەن ئىچىدە زۇلۇمنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا غېرىب - مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى شۇنچە قاتتىق تارتقان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بىرلىشەلمەيدىغاندىمىز؟ جامائەتنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم قايىسىسىغا ئەگىشىشنىمۇ بىلمەيۋاتقان . . . ئاددىيسى، بىرسى بىر قانال ياكى بىر توپ قۇرسا، مەقسەت نىشانلىرى ئوخشاشلار، بىر يەرگە كېلىپ، باشتا قۇرۇلغان توپلارنى يۆكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشمەستىن، دەرھال توپنىڭ ئىسمىنى

ئۆزگەرتىپلا، ئوخشاش توپ قۇرۇۋاتقان . . . بىرسى بىرەر تىجارەتنى قىلسا ھەممەيلەن شۇنىڭغا مەبلەغ سالماستىن، دەرھال يەنە بىرسى باشقا نام بىلەن ئوخشاش تىجارەتنى قىلىۋاتقان، بىرسى بىر مەكتەپنى قۇرسا، شۇ مەكتەپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرمەستىن، يەنە بىرى باشقا بىر نامدا ئوخشاش مەكتەپتىن بىرنى ئېچىۋاتقان، بىز نېمىشقا پىكرىمىزنى، تەدبىرلىرىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى، جۇملىدىن بارچە كۈچىمىزنى بىر يەرگە توپلىمايمىز؟ نېمىشقا ھەممىمىز ئۆز نامىمىزنى چىقىرىشقا بېرىلىپ كېتىمىز؟ ۋەتەندە زۇلۇم كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ، شۇ مەزلۇم خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نېمىشقا ھەق جامائەت بولۇپ بىرلەشمەيمىز؟! ھەممىمىز ماختاپ - ئۇچۇرۇشلارغا كۆنۈپ كەتتۇق. بىرەر قېرىندىشىمىز بىزگە ھەققىي كۆيۈنۈپ، ئىللەتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرسە، شۇ تەنقىدىي پىكىرلەرنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلماستىن، بەلكى شۇ قېرىندىشىمىزغا تەرەپ - تەرەپتىن ئەيىبلەش ۋە سۆكۈش ئارقىلىق مالامەت قىلىمىز؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق چېچىلاڭغۇ ھالەتتە يۈرەرمىز؟ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىدى. ھەم ماكان، ھەم قەلب مۇساپىسى جەھەتتا بەكلا چېچىلىپ كەتتۇق، بۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ، ــ فاتىمە شۇلارنى دەپ بولۇپ،ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ سالدى.

ــ دېگەنلىرىڭ بەرھەق جېنىم دوستۇم. بۇ ئىشلارغا مېنىڭمۇ شۇنچىلىك كۆڭلۈم يېرىم. ئەمما، بىز تېخى كىچىك قىزلار، ئوقۇشتىن باشقا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن. الله قا سېغىنىپ دۇئا قىلىپ، سەۋر قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق، ــ دېدى مۇھلىسە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

# كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان ئىشلار

بۈگۈن نېمىشقىدۇر ماينۇرنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام ئىدى. قولى ئىشقا بارمايتتى، چۈشلۈك تاماقمۇ ئەتكۈسى يوق ئىدى، ئەلپازىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. يانىدىكى ئۆيدە يېقىن دوستى دىلرابا تۇراتتى. ھجرەت قىلىپ چىققاننىڭ ياقى بۇ ئىككىيلەن بىرگە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار ئېچىل - ئىناق بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىدا بىر - بىرىگە بەس سالمايتتى، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىلىسى ئىشچان، پاكىز ئىدى. ئۆيلىرىنىڭ ئاددىيلىقىغا قارىماستىن، شۇنچىلىك رەتلىك ۋە پاكىز بولۇپ، كۆرگەنلا كىشىگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

ــ ماينۇر! بۈياققا چىقىڭە، سىرتقا چىقىپ كىرەيلى! ــ دېدى دىلرابا.

ماينۇر دوستىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، ياتىقىدىن خۇش ياقمىغان، روھسىز ھالەتتە زال ئۆيگە چىقتى.

ــ ۋاي - ۋۇي مەلىكە ئايىم! نېمە بولدىڭىز؟ چاقىرمىسام چىقمايسىز؟ بەكلا تاۋىڭىز يوققۇ؟ مۇشۇ كەمگىچە ئۇخلىدىڭىزمۇ؟

ــ ياقەي، قوپقىلى خېلى بولدى، ــ دېدى ماينۇر.

ــ سىزنى ياتلىق قىلساق بولغۇدەك جۇمۇ؟ توي قىلىڭ دېسە ئۇنىمايسىز؟ مەن لايىقتىن بىرەرنى تاپايمۇ يا؟ ــ دېگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى دىلرابا.

ــ ۋاي جېنىم! نەدىكى سۆزلەرنى قىلىدىكەنسىز. بوپتۇ، ياتلىق بولاي دېسەممۇ، ئادەمنىڭ قەدىرىگە يېتىدىغان، سەممىي، ئەخلاقلىق، تەقۋا ئەرلەر بارمۇ. . . . ؟

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ماينۇر، ئەرلەرنىڭمۇ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس، ئەقىدىسى سۇزۇك، تەقۋا، ئەخلاقلىق، سەممىي، ئۆزىنى الله

نىڭ دىنىغا ئاتىغان، ۋەدىسىدە راستچىل ئەركەكلەر يەنىلا تېپىلىدۇ. شۇنداقلارغا ياتلىق بولسىڭىز بولىدىغۇ؟ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچىدە ياخشى ئەرلەر تۈگەپ كەتكىنى يوق، ھەممە يامان تەرەپلەرنى ئەرلەردىن كۆرمەي، بىز ئاياللارمۇ ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ باقساق بولىدۇ. ئاياللار ئېرىگە ھەقىقىي ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىماي، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، بىر ئائىلىنى ياخشى تۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئەرلەرنىڭمۇ يامان تەرىپىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمەيتتى. دېمىسىمۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ۋاپاسىز ئەرلەرمۇ يوق ئەمەس، ئەمما ئۇلار ئاياللارغا قىلغان زۇلمىدىن قىيامەت كۈنى سورىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، يامانلار بار يەردە ياخشىلارمۇ بولىدۇ. نېمىلا دېمەيلى، ئەرلەرگىمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇلار دەردلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر. ئەرلەر ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى. . . . يۈرۈك، بىر ھەدىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى. ئۇزۇن بولدى يوقلىيالمىغىلى. قېرىنداش يوقلاشنىڭ ئەجرى كاتتا، تەييار بوپ چىقىڭ.

ــ ماقۇل.

ئىككىسى ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئوتتۇرا ياش، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بۇ ئايال ئىككىيلەننىڭ كەلگىنىدىن بەك خۇش بولۇپ كەتكەچكە، ئىككىسىنى باغرىغا بېسىپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ــ بەك ئۇزۇن يوقاپ كەتتىڭلار. مەن باراي دېسەم، ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن يوقلاپ بارالمىدىم، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ بۈگۈن سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن؟ ــ دېدى ئۇ خۇرسەنلىكىنى يوشۇرماي.

ــ ھەدە، بىزنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلمىدى، الله سىزنى يوقلاشنى قەلبىمىزگە سالغانىكەن، الله رىزالىقى ئۈچۈن يوقلاپ كەلدۇق. بىزمۇ ياخشى، سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، ماشا الله! ــ دېدى دىلرابا.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

دىلرابا ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ھەدە، ئۆيلىرىڭىز چىرايلىق بوپ كېتىپتۇ جۇمۇ. توڭلاتقۇ، ئاپتوماتىك كىرئالغۇ، يەنە تېخى كومپيۇتېر. پاھ! بۇ پەردىڭىز بەك مەدەنىيكەنغۇ؟ كىرسلولىرىڭىزغا شۇنداق ماسلىشىپتۇ . . . بۇلارنى قانچە پۇلغا سېتىۋالدىڭىز ھەدە؟ ــ دېدى.

ــ مەن بۇلارنىڭ باھاسىنى بىلمەيمەن، ئۇكام، ــ دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال.

ــ قانداقسىگە ئەمدى؟ بۇلارنى ئۆزىڭىز ئالمىدىڭىزمۇ؟

ــ ياق، مەن ئالمىدىم ئۇكام. بۇلارنى ئالىدىغانغا مەندە پۇل نەدە؟ ئۆي ئىجارىسىنى ئاران تۆلەۋاتقان تۇرساق. بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، فاتۇرانىڭ پۇللىرى . . . بۇ يەردىمۇ جان باقماق بەك تەس بولۇپ كەتتى. . . ھە؟!

دىلرابا يېنىدىكى ماينۇرغا قاراپ قويۇپ:

ــ ھەدە نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ بىر كۈيئوغلىڭىز چوڭ باشلىق، ئۆيدە ئۈچ قىزىڭىزلا قالدى. كۈيئوغۇللىرىڭىز بىر - بىردىن ياخشى، تەلەيلىك ئايال جۇمۇ سىز؟

ــ ھەي ئۇكام. . . . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇشى بار، ياردەم بەرسە خۇش بولىمەن، بولمىسا ئۆزلىرى قىينالماي ياخشى ئۆتسە مەن شۇنىڭغا خۇش.

ــ دېگەنلىرىڭىز توغرا ھەدە، ئانا بولغۇچى باللىرىنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەختىنى ئويلايدۇ - دە !

ــ ئۆيدىكى بۇ نەرسىلەرنى ماڭا يېڭىدىن كۈيئوغۇل بولماقچى بولغان بالا ئېلىپ بەردى.

ـ ماشا الله ! نېمانچە سېخىي بالا ئۇ؟ سەفىيەنىڭ تويىنى قىلىدىغان ئوخشىمامسىز، ھەدە؟

ـ ھەئە.

ـ سەفىيە تېخى كىچىككۇ؟ راۋۇرۇس ئوقۇتۇپ، تۈزۈكرەك بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغانىنىڭ ياقى چىقارسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟

ـ دېگىنىڭىزغۇ توغرا ئۇكام. ئەمما، شۇ ئەلچىلەر پەقەت ئولتۇرغۇزمىدى.

ـ ھە بوپتۇ ھەدە، بەختلىك بولسىلا بولدى. كىم بىلەن توي قىلىدىغان بولدى؟

ـ نۇر ئەلى بىلەن.

ـ نېمە ؟ ـ دەۋەتتى دىلرابا بىلەن مايىنۇر تەڭلا

ـ ئۇ قېرىنىدىشىمىز تەقۋا، دىن ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىغان كىشى. تىجارەتكە شۇنداق ئېپى بار، ئىقتىسادشۇناس دېسىمۇ بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈزىنىڭ چوڭ. پۇلى بار، ماشىنىسى بار.

ـ بىراق، ھەدە ئۇ كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بارغۇ؟ سەفىيەنى ئۇچىنچىلىككە بېرەمسىز؟

ـ شۇنداق، ـ دېدى ئايال.

دىلرابا بىلەن مايىنۇر بىر - بىرىگە مەنىلىك قىلىپ قاراشتى.

ـ ھەدە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېنىدا ئاتا - ئانىسى يوق، توي قىلىش يېشىغا يەتكەن، ئىلىملىك، ئەخلاقلىق، تەقۋا باللاردىن نەچچىسى سەفىيەگە ئەلچى بولدى. شۇلارغا بەرگەن بولسىڭىز، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغانلار قاتارىدا ئەجرىگە ئېرىشەتتىڭىز، مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق قىزىڭىزنى «ئۇچىنچىلىككە بەرگىنىڭىز توغرا بولمىدى» دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئەڭ زۆرۈرنى ئالدىن قىلايلى

دېمەكچى. ھازىر نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ يا يېنىدا پۇلى يوق، يا يولىنى ماڭدىغان ئادىمى يوق، توي قىلىش يېشىغا يېتىپ ياكى شۇ ياشتىن خېلى ئۆتۈپ كەتكۈچە توي قىلالمىغاچقا، خاتا يولغا كىرىپ كەتتى، ئۇلار ۋەتەندە بولغان بولسا ئاتا - ئانىسى بىر ئامال قىلىپ، ياخشى قىزلارغا ئۆيلەپ قويار ئىدى. ئاشۇنداق باللارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاتا —ئانىسىنىڭ ئورنىدا مېھىر بېرىش بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەت. ئۈچ قىزىڭىزنى ئاتا — ئانىسى يېنىدا يوق ئۈچ بالىغا بەرگەن بولسىڭىز، يولدىن ئېزىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئۈچ بالىنى ئېزىپ كېتىشتىن، الله نىڭ ياردىمى بىلەن توسۇپ قالالايتتىڭىز - دە ! الله نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشەتتىڭىز. ئۇدۇللا دېسەم، سىزدەك ئىسلامنى ياخشى چۈشەنگەن، الله نىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاتاپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىن، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان ) جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن ھىجرەت قىلغان بىر ھەدىمىزنىڭ، بۈگۈنكى كۈندە قىزلىرىنى ھوقۇقدار، پۇلدار ئادەملەرگە ئۈچىنچىلىك ۋە تۆتىنچىلىككە بېرىشى مېنى ھەيران قالدۇردى! ھازىر جەمئىيەتتە كىچىك قىزلارمۇ، پۇلدار، ھوقۇقدارلارغا ئىككىنچىلىك، ئۈچىنچىلىك ۋە تۆتىنچىلىككە تېگىۋاتىدۇ. . . . ئەمما پۇلى بولمىسىمۇ، ئىمانلىق، ئەخلاقلىق يىگىتلىرىمىزگە بىرىنچىلىككىمۇ تەككىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. ھەدە ! ئېسىڭىزدە بارمۇ؟! بىز ۋەتەندىكى ۋاقىتتا، قىزلار شۇنداق بولۇپ كەتكەن ئىدى، پۇلى بولسىلا، ئايالى بارمۇ - يوقمۇ دېمەيلا تېگىۋېرەتتى، بۇ ئەھۋال بىزگە قەتئىي ياخشىلىق ئەكەلمىدى، ـ دىلرابانىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى ـ ئۆز ۋاقتىدا بەنى ئىسرائىل دۇچ كەلگەن پىتنە دۇنيا ۋە ئاياللار پىتنىسى ئىدى. ئۇلار دۇنياغا ۋە ئاياللارغا بېرىلىپ كېتىپ، الله ئۆزلىرىگە تاپشۇرغان ئامانەتلەرنى ئۇنتۇغاچقا ھالاك بولغانىدى. بىز ۋەتىنىمىزدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يات

ئەللەردە ياشاۋاتىمىز، بىز تېخى خىتاي كاپىرلىرىغا قارىتا بىرەر ئىش باشلىغىنىمىز يوق. . . ! سىلەردەك تەقۋا ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئانىلار، قىزلىرىڭلارنى دىندا ياخشى ئوقۇتۇپ ئۇممەتنىڭ بۆشۈكنى ھەقىقىي توغرا ئەقىدە، سۈزۈك ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەۋرىتىدىغان ئانىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقماي، كىچىك قىزلىرىڭلارنى خوتۇنى بار بايلارغا بېرىۋەرسەڭلار، ئۇممەتنى يېتەكلەيدىغان ياخشى كىشىلىرىمىزمۇ، ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچىپ، ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن، اللە نىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن خىتايغا ئۇرۇش ئېچىلىپ قالسا، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، شىر كەبى يىگىتلىرىمىزنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ ئورنىغا، كىچىك قىزلارنى ئۆزى نىكاھىغا ئالسا. . . بىز نېمىشقا ئويغانمايمىز؟! شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزلۇم خەلقكە نىسبەتەن، زۇلۇم نېمە ئۈچۈن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىدۇ؟! مۇنبەرلەردە ۋە ئۆيلەردە يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان دۇئالىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئىجابەت بولمايدۇ. . . ؟

دىلرابا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي سۆزلەۋاتقاندا، ماينۇر «ئەمدى بولدى قىل» دېگەندەك قىلىپ ئۇنى نوقۇپ قويۇۋىدى. دىلرابا ئېغىر تىنىپ قويۇپ سۆزىنى توختاتتى. ئىككىيلەن ئىچى پۇشقان ھالدا قايتىشتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئارتۇق گەپ قىلماستىن ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئارىدىن بىر - ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دىلرابا بىر يېقىنىدىن، سەفىيە دېگەن قىزنىڭ ھېلىقى نۇرئەلى دېگەن باي بىلەن توي قىلغانلىقىنى، تويدا سەككىز قوي سويۇلۇپ تويىنىڭ بەكلا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، قىزغا ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەرنى يەتكۈچە ئېلىنغانلىقىنى ۋە قىزغا ئېسىل بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ غەلىتە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ۋەتەندىكى بىچارە قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي

تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن تاجىسىمان ۋىرۇس باھانىسىدە ئۆيلەرگە سولاپ ئاچ قويۇلۇپ، ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى توردىن كۆرۈپ، يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ، يۈرەكلىرى تىلىنىۋاتقاندى.

# ياشلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى!

ياشلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، غولللۇق كۈچىمىز، جۈملىدىن اللە نىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قىلىنغۇسى كۈرەشتىكى بايىراقدارلىرىمىزدۇر. اللە نىڭ ئىزنى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت بايرىقىمىزنى ئەنە شۇلار لەپىلدىتىدۇ.

شۇڭا ياشلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى، ئاتا - ئانىلارچە مېھىر بىلەن مۇئامىلە قىلايلى، ئېتىبار بېرەيلى! ياشلارنىڭ تالانتىنى قېزىپ چىقايلى، ئۇلارغا قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرەيلى، ئۇلارنىڭ تالانتىنى كۆمۈۋەتمەيلى.

دەرۋەقە، ياشلار تەنتەك، قىزىققانراق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپىگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلايلى! ئۇلارنىڭ پرىنسىپقا ياتمايدىغان خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويايلى! بىز ئۇلاردەك ۋاقتىلىرىمىزدا، ئانا ۋەتەنىنىڭ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ مېھرىگە قېنىپ ياشىغانىدۇق. بىراق، مۇھاجىرەتتىكى ياشلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىگە ۋە تەربىيەسىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىلىرىدا ئانا ۋەتىنىدىن ۋە مېھرىبان ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلدى. شۇڭا ئۇلارنى ئەيىبلەۋەرمەي، گۈزەل ئۇسلۇبتا نەسىھەت قىلايلى! قەرزى بولسا تۆلەپ بېرەيلى، پۇلى بولمىسا ياردەم قىلايلى. جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىققا تۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەنلەرنى ئۆيلەپ قويايلى! ئۇلار بىلەن سىرداشايلى، ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى ! ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ئىبنى ئابباس، ئەنەس، ئۇسامە، ئەبۇ

ھۇرەيرە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر. . . . قاتارلىق ياش ساھابىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلەيلى ۋە كۆيۈنەيلى! چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ سۈننىتىدۇر. ياشلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلەيلى، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى بايقاپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى. بىز ئۇلارغا سۈننەت بويىچە مۇئامىلە قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى توغرا يولدىن چەتنەپ كەتمەيتتى، غەرب ئەللىرىگە ۋە باشقا بۇزۇقچىلىق ماكانلىرىغا كېتىپ قالمايتتى. چۈنكى ئۇلارنى ئاتا - ئانىسى زور ئۈمىدلەر بىلەن يولغا سالغان. ئۇلارمۇ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىققانىدى. بىز ياشلارنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىدۇق ۋە ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق ھېس قىلالمىدۇق. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئالدىن بايقاپ، يۈز مىڭلارچە ئىقتىساد سەرپ قىلىپ ياشلىرىمىزنى ئاساسىي جەھەتتىن نابۇت قىلىۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ يولدىن چىقىشتىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىمەي، ئۇلارنى ئەيىبلەش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق. ياشلار، چوڭلارغا، ئالىملارغا، يولباشچىلارغا ئامانەت ئىدى. الله خالىسا قىيامەت كۈنى ھەر بىرىمىز بۇ كاتتا ئامانەتتىن سورىلىمىز!

# ئەڭ ۋاپادار دوست

شۇنداق بىر ۋاقىتلىرىم بولغانتى، تېلېفونۇم قېرىنداش - دوستلىرىمنىڭ، ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە تونۇشلىرىمنىڭ ئەھۋال سوراپ يوللىغان ئۇچۇرلىرى ۋە سۆزلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ دوستانىلىق بىلەن قىلغان ئۇچۇرلىرىغا ۋە سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىتلىرىمنى ئاجرىتاتتىم. ئۇلارغا ئەخلاق ۋە سەممىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇلار مېنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇلارنى الله رىزاسى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتىم. بىز پات - پات ئىمانلىشىش ئۈچۈن يىغىلاتتۇق، سورۇنلىرىمىز ئىززەت - ھۆرمەت ئاساسىدا، سورۇن ئەخلاقلىرىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە داۋاملىشاتتى. سورۇنىمىزدا ؛ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىن قېرىنداشلىرىمىز بار ئىدى. بىز ھەممىمىز خۇددى بىر يۇرتلۇقتەكلا ئىناق - ئىتتىپاق ئىدۇق. سورۇنلىرىمىزدا بىھۇدە، قۇرۇق سۆزلەر بولۇنمايتتى، قېرىنداشلىرىمىز سورۇننىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بەك ئۇششاق باللىرىنىمۇ ئاپارمايتتى، دەۋەتلەرنى قېتىرقىنىپ ئاڭلايتتى. پىتنە ئەۋج ئالغان جايدا ياشىسىمۇ، ئاڭلىغانلىرىغا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىپ ماڭاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك مېھماندوست ئىدى. دەۋەت ۋە ئىلىم دېسە، يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا ۋە دەۋەت ئورۇنلىرىنىڭ يىراقلىقىغا قارىماستىن، شۇنداقلا ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىغا پىسەنت قىلماستىن باراتتى. الله تىن ئۇلارغا دۇنيا - ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

ئەمما، مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپلا تۇراتتى. چۈنكى، مەن ۋەتەندىكى ۋاقىتلىرىمدا جەينامازدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ الله قا يالۋۇرۇپ: «ئى الله! مېنى مۇجاھىدلار سېپىگە قوشقىن، مېنى قۇرئان — سۈننەت ھاكىم بولغان

زېمىندا ياشىغىلى نېسىپ قىلغىن، مېنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇجاھىد بەندىلىرىڭ بار جايلارغا يەتكۈزگىن، ماڭا شېھىدلىكنى ئاتا قىلغىن. . . » دەپ دۇئا قىلغانىدىم. مېھرىبان رەببىم دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلىپ، مېنى مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشتى، بىراق مەن اللە قا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلالماي، تۇرۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بىر زېمىندا تۇرۇپ قالدىم. شۇڭا قەلبىمدە بىر سىقىلىش داۋاملىق مېنى قىينايتتى. مەن يەنە يىغلاپ تۇرۇپ اللە تىن شۇ كاتتا نېمەتنى ماڭا قايتا بېرىشنى سورىدىم. ئەمما، بۇ قېتىم يول تاقالغانىدى. مەن بۇ خەۋەرنى شۇ جايدىكى قېرىنداشىمىزنىڭ خەۋىرىدىن ۋە يولغا سالىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ «يول يوق» دېگەن سۆزلىرىدىن بىلدىم. كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. اللە ماڭا بەرگەن نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمىگىنىم ئۈچۈن، بۇ نېمەتنى مەندىن تارتىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قاتتىق ئازابلاندىم. ۋە ئۆي ئىگىسى دوستۇمنىڭ: «بولدى قىلىڭ، ماڭالمايسىز، بىر يىلنىڭ ياقى يول ساقلاپ تۇرغان خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىمىز بار» دېيىشى مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلغانىدى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، چۈنكى مەن شام زېمىنىدىكى بەزى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۆزۈمنى جەننەتكە كىرىپ چۈش كۆرگەن ئىدىم. اللە تعالى نىڭ مېنى نائۈمىد قويمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە تۇرۇپ اللە قا يىغلاپ يالۋۇرۇپ ماڭا شۇ نېمەتنى قايتا ئاتا قىلىشىنى تىلىدىم، شۇ كۈنى كېچىدە چۈشۈمدە، مەن ئىسلامىي كىيىنگەن ھالدا چىرايلىق بىر كىچىك ماشىنىدا ئۆزۈم يالغۇز بەك تېز مېڭىپ، بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپتىمەن، قارىسام ئۇ يەردە بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئاياللار تۇرغۇدەك، «مەن بۇ يەردە چۈشمەيتتىم، مۇجاھىدلارنىڭ قېشىغا باراتتىم» دېسەم، ئارىدىن بىرسى، ئوڭ قولىدا ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، «سىزنى ئاۋۇ يەردە مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى

ساقلاپ تۇردۇ» دېدى، شۇ ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسام، يىگىرمە مېتىر يىراقلىقتا ئېگىز بويلۇق، يالاڭ باشتاق، چاچلىرى ۋە ساقاللىرى قاپقارا ۋە قويۇق بىر ئادەم مەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. . .

مەن ئويغىنىپ شۇنداق خۇرسەن بولدۇم. بۇ چۈش مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. ناھايىتى خۇش بولغان ھالدا دوستۇمغا: «مەن ياخشى چۈش كۆرۈپتىمەن، الله خالىسا ماڭا بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە يول چىققۇدەك» دېسەم، ئۇ دوستۇم: «ۋاي، بولدى ئۈمىد كۈتمەڭ! يول ساقلاۋاتقانلار كۆپ، ھازىر يول يوق» دېدى. بىراق، مېنىڭ قەلبىمدە ئۈمىد پەيدا بولغان ئىدى. راست دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىز تېلېفون كەلدى. تېلېفوننى ئالدىم، ئىززەت ماكانىدىكى مەسئۇل قېرىندىشىمىز: «جىددىي تەييارلىق قىلسىلا، ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى جۈمە كۈنى ماڭىلا» دېدى. مەن خۇشلۇقۇمدىن ۋارقىرىۋەتتىم، دوستۇممۇ ھەيران قالدى. مەن رەببىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىززەت ماكانىغا خاتىرجەم ھالدا بېرىۋالدىم. چېگرادىن ئۆتۈپلا قەلبىمدىكى سىقىلىش كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، دوستۇم ماڭا: «ھازىر ماڭمىسىڭىز بولاتتى، يول خەتەرلىك» دېگەن ئىدى. الله مېنى ئۆزى قوغداپ، سالامەت ئىززەت ماكانىغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن رەببىمگە ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقىدىكى مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ سانىدىنمۇ ئارتۇق ھەمدۇ - سانالار بولسۇن.

ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆز ۋاقتىدا مېنى ياخشى كۆرگەن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى تېلېفونلىرىدىن بىر - بىرلەپ يۇيۇپ چىقىرىۋەتتى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، 25 يىللىق الله يولىدا دوستلاشقان (قىيامەتلىك) دوستلىرىممۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى مۇئامىلىلىرى ئارقىلىق بىلدۈرۈشتى. مەن دەماللىققا بۇ ئەھۋاللارنى قوبۇل

قىلالماي، يىغلىغانمۇ بولدۇم، بىراق بۇ يولنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەچكە سەۋر قىلدىم. بىز نەگىلا بارمايلى، ئىمتىھاندىن خالىي ئەمەسكەنمىز. چۈنكى، سىناق سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ دېگىنى بويىچە ئىمانغا قارىتا بولىدىكەن. ھازىر ماڭا پەقەت رەببىم ھەمراھ، رەببىم دوستۇم، رەببىم ئەڭ ياخشى تەسەللى بەرگۈچىم، رەببىم پۈتۈن ئىشلىرىمغا ياردەم بەرگۈچى، رەببىم مېنى باشقىلاردىن بىھاجەت قىلغۇچى. گەرچە ياخشى كۆرگەن كىشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن يۈز ئۆرۈگەن بولسىمۇ، رەببىمنىڭ سۆيگۈسى ۋە دوستلۇقى ماڭا يالغۇزلۇقنى ھېس قىلدۇرمايدۇ، ئىنشا اللە. ئىنسان ئۆچۈن، اللە نىڭ ئۆز بەندىسىنى تاشلىۋەتمەيدىغان مۇكەممەل پەرۋىشكار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر. . . ئى ئەزىز قېرىندىشىم، شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، يېقىنلىششقا ئەڭ لايىق زات اللە تعالى دۇر.

# كوسراپ ۋەقەسى

2005 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 — كۈنى، دادام بىلەن ئانام مەككە ۋە مەدىنىدە الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە پەزلى، ياردىمى بىلەن ھەج ئىبادەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، تىنچ - ئامان ئانا يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇلارنى تەنتەنە ئىچىدە، خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالغان ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەج سەپىرىدىن سالامەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەر، دادام ۋە ئانام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى، كەلگەن مېھمانلار بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن بولۇپ، مەن يولدىشىمنىڭ رۇخستى بىلەن ئانام بار ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىمەن دەپ ئۆز ئۆيۈمگە بارمىغىلى تۆت كۈن بولغانىدى. دادام بىلەن ئانامنى ئالتە ئاينىڭ ياقى كۆرمىگەچكە بەك سېغىنغىنىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتاتتى.

بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ھەج ئىبادىتىنى تۈگىتىپ، سالامەت كەلگىنىدىن خۇشال بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن قەلبىمدە بىر تەشۋىش ئەگىپلا يۈرەتتى. ھويلىغا چىقىشىمغا يولدىشىم كىرىپ كەلدى، ئۇ بۈگۈن دادام ۋە ئانام ئەكەلگەن پوپايكىنى كىيىۋالغانىدى. پوپايكا ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنىڭ الله ياراتقان قەددى - قامىتىنى تېخىمۇ بەستلىك كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ ماڭا سالام قىلىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ تۇرۇپ:

ــ بۈگۈن كەچە ئۆيگە بېرىڭ، چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ، ــ دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

ــ ماقۇل، مەنمۇ كەچتە ئۆيگە باراي دەپ تۇرغانتىم، نېمە چۈش كۆرۈپسىز؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئۇ ماگا چۈشنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان ۋاقتتا، چىرايىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ:

ـ چۈشۈمدە ئۇچامدا پەقەت كىيىم يوق، پەشتاقتىن پەس تەرەپكە چۈشۈۋاتقۇدەكمەن، شۇڭا ئۆزۈمدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم، مەن ھازىر دادامنى دوختۇرخانىدىن ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىمەن، ـ دەپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشىمىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش بولۇپ قېلىشىنى زىنھار ئويلاپ باقمىغانىدىم.

كەچكىچە مېھمانلارنى قانداق ئۇزاتقىنىمنى بىلمەيمەن، ئەنسىزلىك پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغانىدى. ئەسىر ۋاقتىدىن كېيىن تېلېفون ئەنسىز، قاتتىق جىرىڭلىدى. مەن تېزلا تېلېفوننى ئالدىم. ئۇستازىم ناھايىتى جىددىي ئاھاڭدا: «سەفىيە ئاچا، نۇر ئەلنى ئەكىرىپ كېتىپتۇ» دېدى. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

ئۆيدىكىلەرگە ئارتۇق گەپ قىلماي، سىڭلىمغا دەپ قويۇپ، قىزىمنى ئېلىپ ئۆيگە بېرىپ، ئۆيدىكى دىنغا ئائىت كىتابلارنىڭ ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئانام بار ئۆيگە كەلدىم. شۇنىڭغىچە شام ۋاقتى بولدى. مەن ئۇستازىمنىڭ تېلېفوننى ئېلىپلا، يولدىشىمغا خەۋەر قىلىپ قويغان ئىدىم. مەن ئۆيگە بېرىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا ساقچى ئىتلار يولدىشىمنى ئىزدەپ كىرىپتۇ. ئۆيگە كەلسەم دادام، ئانام ۋە ئۇكىلىرىمنىڭ كەيپىياتى ناچار ئىدى. يولدىشىم ئۆيگە چىققاندىن كېيىن مەن، قىزىم ۋە يولدىشىم ئۆيگە يەنە باردۇق.

ئۇ كېتىۋېتىپ مەندىن: «ئۆيىنى يىغىشتۇرۇۋەتتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى مەن: «ھەئە» دېدىم. بىز ئۆيگە كەلدۇق. قىزىم ئىككىلىمىز يىغلاۋاتاتتۇق.

يولدىشىم قىزىم بىلەن ئىككىمىزنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى.

ـ مېنى ئەكرىپ كەتسە، ئەمدى كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، سىز بەك ئاق كۆڭۈل، ساددا . . . باشقىلارنىڭ سىزنى بوزەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. قىزىم! سىزمۇ ئاپىڭىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭ، ياخشى، سالىھ ئادەم بولۇشقا تىرىشىڭ، ياخشى ئوقۇڭ، ـ دېدى ئۇ.

يولدىشىم شۇلارنى دېيىشىگە قىزىم ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. يولدىشىم قىزىمنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى. قىزىممۇ دادىسىنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ياخشى كۆرەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ بىزنى الله قا تاپشۇرۇپ، بىرەر يەرگە كېتىڭ، دېدىم.

تولىمۇ ئەپسۇس، ئاپتوبۇس بېلىتى ئالغۇدەكمۇ پۇلىمىز يوق ئىدى. بۇ ھالەتتە بىزگە كىم پۇل بېرىپ تۇرىدۇ دەيسىز؟! بىز شۇ ھالەتتە يەنە چوڭ ئۆيگە كەلدۇق. لېكىن، چوڭ ئۆيگە كېلىپ، ئون مىنۇتتىن كېيىنلا ساقچى ئىتلار قارا سانتانا ماشىنا بىلەن كەلدى ۋە يولدىشىمنى كۆز ئالدىمىزدىن ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىسىمۇ، ئەمما ئىمانىي قۇۋۋىتى ئۇنى شۇنچىلىك جەسۇر ۋە ئىرادىلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ كاپىرلارنى قىلچە مەنسىتمىگەن ھالدا ماڭدى — يۇ، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا يېنىپ، يېنىمىزغا كېلىپ يانچۇقىدىن يىگىرمە كوي پۇلنى چىقىرىپ قىزىمغا بەرگەچ:

ـ قىزىم! يېنىمدا بارى مۇشۇ ئىكەن، ئاپىڭىز نېمە دېسە ماقۇل دەڭ، ـ دەپلا ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن چىقىپ كەتتى. قىزىم بىلەن ئىككىمىز بەك يىغلىدۇق. چۈنكى مەن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئەقىدىسى سۈزۈك، ئىمانى مۇستەھكەم، ئەخلاقى گۈزەل (ئوسمان رَضِيَ

اللَّهُ عَنْهُ غا ئوخشاپ كېتەتتى دېسەممۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولماسمەن)، ماڭا ئانام ۋە دادامدىن قالسا ئەڭ كۆيۈنىدىغان، مېنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىغان، مۇڭلىرىمغا تەڭ مۇڭلىنىدىغان، يىغامغا يىغلاپ، كۈلكەمگە كۈلىدىغان ئەزىز دوستۇم ۋە سىردىشىم، دېگىنىمنى (ئەگەر توغرا بولسا) قىلىپ بېرىدىغان، پىكىرلىرىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، مېنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھېس - تۇيغۇلىرىنىمۇ ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىدىغان 17 يىللىق ھەمراھىمدىن ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىمدىن ئايرىلغان ئىدىم. ئوماق قىزىم بولسا كۆيۈمچان، مېھرىبان، جېنىدىن ئەزىز سۆيۈملۈك دادىسىدىن ئايرىلغان ئىدى.

مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كۈندىن تارتىپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايۋاتاتتى. كۆڭلۈم ئادەم خالىمايتتى، ھېچكىمگە گەپ قىلغۇم كەلمەيتتى. گېلىمدىن تاماق تەستە ئۆتەتتى. چۈنكى، بىز تولىمۇ بىر بەختلىك ئائىلە ئىدۇق. يۈرتتىكى تونۇش - بىلىشلەر ۋە دوستلىرىم بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەۋەس قىلاتتى. مەن بۇ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۆڭلۈم تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە پاراكەندە ئىدى. ئۇ مېنى بەكلا چۈشىنەتتى، مېنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمنى ناھايىتى ياخشى قوللىغاچقا، مەن خاتىرجەم ھالدا ئوقۇغانىدىم. مەن بۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئەخلاقى گۈزەل ھەمراھىمدىن 2005 - يىلى 1- ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئايرىلدىم.

ئىپلاس كاپىرلار يولدىشىمنى ئەكىرىپ كېتىپ 4 - كۈنى ئەتىگەندە جىددىي تېلېفون كەلدى، قارىسام دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستۇم ئىكەن. ئۇ ماڭا تولىمۇ ئەنسىز ھالدا:

ـ ئاداش، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭلار، بۇگۈن سىياسىي بۆلۈمدىن سىلنى ئىزدەپ ئۆيۈڭلارغا چىقىدىكەن، ـ دېدى.

مەن دەرھال پەلتورۇمنى كىيىپ دادام ۋە ئانامىلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىدى. توختىماي قار يېغىۋاتقاچقا، يوللار تېيىلغاقلىشىپ، تېزرەك ماڭغىلى بولمايتتى. مەن نەگە بېرىشنى، كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىشنى بىلمەيتتىم. يولدا كېتىۋاتىمەن. كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتاتتى، يېنىمدا ماڭا تەسەللى بېرىدىغان ھېچكىم يوق، يالغۇز مېڭىۋاتىمەن.

خىيال قۇشلىرىم ئىختىيارسىز ئۆتمۈش قوينىغا شۇڭغۇدى.

***

ـ سەفىيە! مەن يوسكام نېفىتلىكىگە چىقىپ كىرەي، ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ زېرىكتىم، قىلغان تىجارەتنىڭ ھېچقايسىسى ئاقمىدى، بىر نەچچە باللار بىلەن چىقىپ كىرەيلى دېيىشكەنتۇق، بەلكىم بىرەر تىجارەتنىڭ ئېپى بولۇپ قالار ـ دېدى يولدىشىم.

ـ بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭ، ـ دېدىم مەنمۇ.

بىز خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ كېتىپ، بىر ھەپتە بولغاندا قايتىپ كەلدى. قىزىم ئىككىمىز ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق. ئاندىن قىزىم ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتكەچكە، ئۆيدە ئىككىمىزلا قالدۇق. ئۇ ماڭا قاراپ:

ـ بىز ۋاقتىمىزنى بىكار ئۆتكۈزۈپتۇق، ھەقىقىي ئىنساندەك ياشىماپتۇق، ـ دېدى.

ـ قانداق دەيسىز ؟

ـ باشقا يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز جىهاد تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ. بىز بولساق پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرۈپتۇق . . . دەپ ـ نۇرغۇن تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرى مېنى تولىمۇ خۇرسەن قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەزى تەپسىلاتلارنى سورىسام، ئۇ ماڭا:

ـ ئايال كىشىنىڭ كۆپ ئىشلارنى بىلمىگىنى ياخشى، ـ دەپ كۆپ سۆزلەشنى خالىمىدى. مەنمۇ ئىچكىرىلەپ سورىمىدىم.

ئۇ پات - پات سىرتلارغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلەتتى. ئۇ شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىم ئىككىمىزگە:

ـ مەن سىلەرنى تاغلىق رايونلارغا ئېلىپ چىقسام قوشۇلامسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى،

ـ سىز قەيەرگە بارسىڭىز، بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز، ـ دېدۇق قىزىم بىلەن ئىككىمىز. ئاندىن ئۇ ماڭا ئايرىم هالدا:

ـ سەفىيە! بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز تاغلىق رايونلارغا چىقىپ هەربىي تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، الله نىڭ دۈشمىنى بولغان خىتايلارغا قارشى جىهادىي تەييارلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ ئېچىقىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى. بۇ ئىشنى نېفىتتا ئىشلەيدىغان ئابدۇۋەلى قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈيۈشتۇرۇپتۇ، ئەمىر ئابدۇۋەلى ئىكەن، ئۇ قېرىندىشىمىز دىنىي ۋە پەننىي جەهەتتە ئالاهىدە مەلۇماتقا ئىگە ئىكەن. ئۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەقۋالىقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە بىر - بىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى، الله نىڭ سۆزىنى يەر يۈزىدە ئالىي قىلىشقا بولغان پىداكارلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، ـ دېگىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

مەن بۇ سۆزلەردىن بەك خۇش بولغانىدىم. مەن ئۇنىڭدىن: «قەيەرگە بارىمىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ۋاقتى كەلگەندە بىلىسىز» دەپلا جاۋاب بەردى. مەنمۇ بۇ مەخپىيەتلىكلەرنى ياخشى ساقلىدىم. بىز بەكلا خۇش

ئىدۇق. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن: تولۇق ھىجابلانغان ھالدا يولدا مېڭىۋاتىمەن، گېرمانىيەنىڭ فىلىملىرىدا چىقىدىغان، كوزۇپى بار ماشىنىنىڭ كەينىدە، نېمىس ئەسكەرلىرى بېشىدا قارا تۈمۈر قالپاق، قوللىرىدا قورال تۇتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن كۆڭلۈمدە «بۇ دۈشمەنلەر قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغىنىمچە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، قارىسام ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا بېشىدا ئاق سەللە، ئۈچىسىدا ئاق كىيىم كىيىۋالغان مۇسۇلمانلار بىلەن قەدىمكى خىتايلار، يەنى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن بىر تال چېچى بار، پارقىراق گۈللۈك تاۋاردا مانجۇچە ئۇزۇن كۆينەك كىيىۋالغان خىتايلار بىلەن قوللىرىدا قىلىچ ۋە نەيزە تۇتقان ھالەتتە قاتتىق جەڭ قىلىشىۋاتاتتى. مەن تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا دۇئا قىلىشىۋاتاتتىم.

ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. چۈشۈمنى يولدىشىمغا ئېيتقان - ئېيتمىغىنىم ئېسىمدە يوق. بىر كۈنى مەن، قىزىم ۋە يولدىشىم قېيىنانامنىڭ يېنىغا كىردۇق. بىزنى ئەكىرىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن يولدىشىم ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە «تېز بولۇڭ، ئۆيگە چىقىپ كېتەيلى، ئىشتىن چاتاق چىقىپتۇ» دېدى. مەنمۇ دەرھال قىزىمنى چاقىرىپ مېڭىشقا تەييار بولدۇم. قېيىنئاتام ۋە قېينانىلار: «نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟ كەچلەپ چىقىپ كەتمەمسىلەر؟» دېگەندى، يولدىشىم: «ئانا، توغرا چۈشىنىڭ، جىددىي ئىشىمىز چىقىپ قالدى» دەپ چۈشەنچە بەردى. بىز قىزىمنى ئانامنىڭ ئۆيىدە قويۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيگە كەلدۇق. يولدىشىم: «بۈگۈن كاپىرلاردىن ھەربىي ۋە ساقچىلار بولۇپ 15 مىڭ ئادەم كوسراپ يېزىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىھادىي ھەرىكىتى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.

ئىككىلىمىز كۆز يېشى قىلدۇق، ئازابلاندۇق، بىئارام بولدۇق. مەن يولدىشىمدىن:

ــ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سانى قانچە ئىدى؟ دەپ سورىۋىدىم،

ــ 200 نەچچە، ــ دېدى ئۇ.

ــ كوسراپ قەيەرگە قارايدۇ؟

ــ ئاقتۇ ناھىيەسىگە. ئۇ يەرگە يەكەن ئارقىلىق چىققىلى بولىدۇ. قوشراپ يېزىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە.

كۆڭلىمىز شۇنداق يېرىم ئىدى. يولدىشىم بىر كۈنى: «مەن بۇنداق يۈرسەم بولمايدۇ. قېرىنداشىرىمىز تاغدا قاتتىق ئېتىشىۋېتىپتۇ، بىز بىر نەچچەيلەن يول تېپىپ چىقىپ ئۇلارغا ياردەم قىلمىساق بولمايدۇ» دېدى.

مەنمۇ رازىمەنلىك بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدۇم. ئىككى كۈندىن كېيىن يولدىشىم قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قاتتىق بىئاراملىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ــ قايتىپ كەپسىزغۇ؟ ــ دېدىم مەن.

ــ كاپىرلار پوسكام، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ ئەتراپىنى تەلتۆكۈس قورشىۋاپتۇ، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ــ دېگىنىچە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە يىغلاپ كەتتى ئۇ.

مەنمۇ يولدىشىمغا قوشۇلۇپ يىغلىدىم. بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ، رەببىمىزدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ئەزىز مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى (يەنى 15 مىڭ خىتاي نىجىسلىرى) بىر ھەپتە ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كوسراپ يېزىسىدا ئېتىشىپتۇ. ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز كوسراپ يېزىسىنىڭ تاغلىرىنىڭ ناھايىتى ئەپچىل يەرلىرىگە ئورۇنلاشقانىكەن. بۇ مۇجاھىدلار ھەربىي مەشىقنى ناھايىتى ياخشى ۋە پۇختا قىلغان بولغاچقا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىر ھەپتە

قاتتىق تۇتۇشۇپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئۇلۇغ الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە شېھىدلىكنى نېسىپ قىلغاي.

ئاردا قاغىلىقلىق بىر قېرىنداشىمىزنىڭ كەيىندىن يەكەن 6- دىۋىزىيەنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلگەندە، ئۇ ئەزىز قېرىنداشىمىز ئالدى تەرەپتە چوڭ بىر ئۆستەڭگە دۇچار بولۇپ، باشقا تەرەپكە قېچىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، پۈتۈنلەي مۇز تۇتقان ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئېتىپ مۇزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن. . . . (بۇ ئىشنى مەن قاغىلىق ناھىيەسىگە چىققاندا مۇزنىڭ ئاستىدا ۋاپات بولغان قېرىنداشىمىزنىڭ ــ الله شېھىدلىك نېسىپ قىلغاي ــ ئانىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن ئۇقتۇم.)

بۇ جەڭدە يەكەن ناھىيەسىنىڭ 6 - دىۋىزىيە ھەربىيلىرىنىڭ قوماندانىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان باشلىقىدىن بىرسى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، يەكەن ناھىيەسىدىكى پۈتكۈل ھەربىيلەرنىڭ قوماندان ۋە ئەسكەرلىرى، شۇنداقلا پۈتۈن ناھىيەدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر كۈن ئىش تاشلاپ، ئۇ كاپىر ئۈچۈن تەزىيە يىغىنى ئېچىپ، تەزىيە بىلدۈرگەن.

كوسراپنىڭ تاغلىرىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز كاپىرلار بىلەن ئېتىشىۋاتقان مەزگىلدە، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئاسمىنىدا ئايروپىلانلار توختىماي ئۇچۇۋاتقان بولۇپ، 6 - دىۋىزىيەنىڭ 15 مىڭ ئەسكىرىنىڭ مۇجاھىدلارغا كۈچى يەتمەي، ساقچى ئاپشاركىلىرىنىمۇ ئەچىققان ئىدى. مۇجاھىدلىرىمىز قەشقەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، خوتەن، يوپۇرغا، پەيزىۋات، ئاقتۇ، گۇما قاتارلىق ناھىيەلەردىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ سەپكە ھەتتا قەشقەرلىك 65 ياشقا كىرگەن بىر ئاكىمىزمۇ قاتناشقانىكەن.

يولدىشىمنىڭ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ساقالنى رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق رەۋىشتە قويغان، سۈننەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، جەڭگىۋار، الله تىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدىغان، ئەقىدىسى سۈزۈك، تەقۋا، ئەخلاقلىق قېرىنداشلىرىمىز ئىكەندۇق.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 65 ياشلىق ئاكىمىز بارىن ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنىپ، نىجىس كاپىرلارنىڭ تۈرمىسىدە 15 يىل يېتىپ چىققاندىن كېيىن، تۈرمىدىن چىقىپلا، مۇجاھىدلارنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشمەي تۇرۇپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، كوسراپ تېغىدىكى بىر ھەپتىلىك جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلغان، الله شېھىدلىك نېسىپ قىلغاي!

مۇجاھىدلارنىڭ ئەمرى يېڭىشەھەر ناھىيەسى ھارراپ يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پوسكام نېفىت ئىدارىسىگە ئورۇنلاشقان، دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى، ئىلىملىك كىشى ئىدى. يولدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەسەن مەخسۇمغا قوشۇلۇپ قويغانىدەك ئوخشايدىكەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كاپىرلارنىڭ تۇزۇملىرى بەكلا چىڭىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ۋەھشىيلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. يەكەن ناھىيەسىگە بېيجىڭدىن ئىككى قېتىم ساقچى ۋە ھەربىيلەرنىڭ رەھبەرلىرى كەلدى. بىر ئاي ئىچىدە مۇشۇ ۋەقەگە چېتىشلىق دەپ قارالغان قېرىنداشلىرىمىزدىن يەتمىش نەچچىسى تۇتقۇن قىلىندى.

مەن يولدىشىمغا: «بىرەر يەرگە كەتسەك بولامتى» دېسەم، «سىلەرنى تاشلاپ ماڭالمايمەن» دېدى. بىر كۈنى دەرستىن يېنىپ ئۆيگە كىرسەم،

يولدىشىم كارىۋات ئۈستىدە بېشىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ. مەن:

ـ نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ـ دېۋىدىم، ئۇ:

ـ مەشىق قىلىۋاتىمەن، ئىپلاس كاپىرلار قېرىنداشلىرىمىزنى ئۈستىگە مىخ قېقىلغان تاختاي ئۈستىدە ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇنداق ياتقۇزۇپ قىيناپتۇ، ـ دېدى.

ـ ئۇنداقتا بىرەر يەرگە كېتىڭ، قىزىم بىلەن مېنى الله قا تاپشۇرۇڭ. ئەگەر ساقچىلار مەندىن سورىسا، بىلمەيمەن، دەپلا جاۋاب بېرىمەن، ـ دېدىم مەن.

ـ سەفىيە، كىچىك بالىنىڭ ئۆزىكەنسىز. سىزنى قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، بىردەمدىلا بىلدىغان قىلىدۇ. مەن ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل ـ دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

شۇ ئارىلىقتا جەمئىيەتتە بۇ ۋەقە توغرىلىق بەكلا غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى. مۇجاھىدلار كوسراپىنىڭ تېغىدا «لا اله الا الله محمد رسول الله» دەپ يېزىلغان قارا بايراقنى تاغقا قاداپ قويۇپ، ھەممىسى بىر خىل ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ، جەڭ مەشىقلىرىنى قىلىۋاتقاندا، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق بايقىلىپ قاپتۇدەك؛ 6 - دىۋىزىيە ھەربىيلىرىنىڭ كىيىم ساتىدىغان دۇكىنىدىن ئۇرۇش كىيىملىرىنى ئېلىش جەريانىدا، خىتاي ئەسكەرلىرى كەينىگە چۈشۈش ئارقىلىق ئاشكارىلىنىپ قاپتۇمش؛ قەشقەرلىك مەلۇم بىر جاسۇس چېقىپ قويۇپتۇمش . . . دېگەندەك سۆزلەر كەڭ تارقالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كونكرېت نېمە سەۋەبتىن ئاشكارىلىنىپ قالغىنىنى الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. . . مەن شۇ ئىش ئاشكارىلىنىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى كۆرگەن چۈشۈمنى يولدىشىم ئارقىلىق ئەمىر ئابدۇۋەلىگە يەتكۈزمىگىنىم ئۈچۈن بەك پۇشايمان قىلدىم.

شۇ ئىش يۈز بەرگەندە ئەمىر ئابدۇۋەلى قەشقەرگە قوشۇننىڭ مۇھىم بىر ئىشى ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا پوسكامدىكى ئۆيىگە تېزلا قايتقان بولسىمۇ، تاغدىكى مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا قادىر بولالماي، ساقچىلار ئۆيىدىن ئايالى بىلەن بىللە تۇتۇپ ئەچىقىپ كەتكەن. ئەزىز قېرىندىشىمىز ئابدۇۋەلى پوسكام شەھەر ئىچىگە 300 مىڭ كوي مەبلەغ سېلىپ ئۈن، ماي، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سالغان بولۇپ، اللہ نىڭ ياردىمى بىلەن دۇكاننىڭ تىجارىتى روناق تاپقان ۋە ئۇ بۇ دۇكاندىن چىققان پايدىنى جىھادقا سەرپ قىلىپ، مۇشۇ جىھادىي ھەرىكەتكە قاتناشقان قېرىنداشلىرىمىزغا تۇرمۇش راسخوتى سۈپىتىدە تارقىتىپ بەرگەن. مۇشۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر ئاي ئىچىدە ئەمىر ئابدۇۋەلىنىڭ بۇ دۇكاندىكى بارلىق مال - مۈلكى ۋە دۇكانغا يېقىن ئۆيى مۇسادىرە قىلىنىپلا قالماستىن، دۇكان بىلەن ئۆيى توپا تۈرتۈش ماشىنىسى چېقىپ، تۈزلىۋېتىلگەن.

***

مەن يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلاۋاتقان بۇ ئويلارغا غەرق بولۇپ، توڭلىغىنىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. قولۇم مۇزلاپ كېتىپتۇ، يۈزۈم ياغلىق بىلەن ئورالغان بولسىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىڭ تەسىرىدە ئېچىشىۋاتاتتى.

مەن شۇ خىياللار بىلەن يولدىشىمنىڭ، بىيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، تەپتىشتە ئىشلىگەن، يولدىشىم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دوستىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماپتىمەن، بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ئايالى بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى. بۇ قېرىندىشىمىز تەپتىشتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆيىدە دىنىي ئىلىملەرنى ئېلىش ۋە

دەۋەتلەرگە قاتنىشىش، قىينچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە ئەر ـــ ئايال ئىككىلىسى بار ئىكەن، مېنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماڭا ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ تەسەللى بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە دوستۇم كىرىپ: «سىزنى يولدىشىم چاقىرىدۇ» دېدى. مەن ياندىكى ئۆيگە چىقتىم، قېرىندىشىمىز مەندىن ئەدەپ بىلەن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ماڭا ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق تەسەللى بەردى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىۋىدىم، ئۇ:

ـ نېمىشقا يىغلايسىز؟ سىزگە يىغلاش ياراشمايدۇ، سىز دىننى ياخشى چۈشەنگەن، اللّٰه ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى پىدا قىلغان ھەمشىرىمىز. خالىدنىڭ ئىشىدىن يىغلىماي پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك. مەن خالىدنى اللّٰه ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما، بۇ جىھادى ھەرىكەت توغرىسىدا ماڭا گەپ قىلمىغىنىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن ئاڭلىغان بولسام بىرىنچى بولۇپ قاتنىشاتتىم. بىز ھەممىمىز خالىدتىن پەخىرلىنىمىز. خالىدنىڭ «مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قارىغا ئېتىش مەشقاۋۇلى» دەپ ئۇنۋانى بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ـ دېدى.

ـ ياق بىلمەيدىكەنمەن، ـ دېدىم مەن.

ـ خالىد تاغدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا چىققانمۇ؟

ـ بىلمەيدىكەنمەن، ـ دېدىم مەن. دېمىسىمۇ راستلا بىلمەيتتىم.

ـ ئەگەر خالىد تاغقا چىقىپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولىدىكى قورالنى تۇتۇپ، «مۇنداق ئاتىسىلەر» دېگەنلا بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا سىز ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ.

بۇ قېرىندىشىمىز تەپتىش ئىدارىسىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش بولۇپ ئىشلىگەنىدى (كاپىرلار كېيىن ئۇنىمۇ مۇددەتسىز كېسىۋەتتى). يولدىشىم بولسا، ئۇرۇمچى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ قورال كەسپىدە ئالتە يىل ئوقۇغان، كېيىن مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن شىماللىق بىر ساۋاقدىشى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل ئوقۇغان بولۇپ، قورال مۇتەخەسسىسى ئىدى. الله ئىككىمىزنى تەڭلا ھىدايەت قىلىپ، قاراڭغۇلۇقتىن ئىسلامنىڭ نۇرىغا ئەچىققىنى ئۈچۈن، بىز خىزمەتلىرىمىزدىن ئىستېپا بەرگەنىدۇق.

مەن بۇ قېرىنداشلارنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىڭ تۇتۇشىغا قارىماستىن قايتىپ چىقتىم. كېيىن ئۈچ ئاي قاچقۇن بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن، ئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم. ساقچى ئىتلارمۇ مېنى قايتا ئىزدىمىدى. چۈنكى، مەن تالا — تۈزگىمۇ كۆپ چىقماي پىنھان يۈرگەنىدىم. شۇ ئارىلىقتا مەن يولدىشىمنىڭ ئۈنۋان كىنىشكىسىنى ئۆزىمىزنىڭ نەرسە — كېرەكلىرى ئارىسىدىن تاپالماي، قېيىنانامنىڭ ئۆيىدىن تاپتىم. كىنىشكىدە «دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قارىغا ئېتىش مەشقاۋۇلى» دېگەن خىتايچە خەت ۋە رەسمىي تامغا بار ئىدى. مەن ئۇ ئۈنۋان كىنىشكىسىنى قېيىنانامنىڭ ئۆيىدىن ياندۇرۇپ ئەچىقتىم. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتتى.

ۋەقە يۈز بەرگىنىگە دەل ئالتە ئاي بولغاندا، مۇجاھىدلارنىڭ ئەمرى ئابدۇۋەلى قاتارلىق مەسئۇل قېرىنداشلىرىمىزدىن ئالتە كىشىگە قەشقەر ۋىلايىتىدە چوڭ ئوچۇق سوت ئېچىلىپ، ئۇلارغا شۇ كۈنىلا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى. ئادەتتە خىتاي كاپىرلىرى ھەرقانداق ئۆزىگە قارشى ۋەقەلەرگە قاتناشقانلارغا بۇنداق تېز جازا ئىجرا قىلمايتتى. ئەمما بۇلارنى بەك تېزلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. الله بۇ ئەزىز، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شاھادىتىنى

قوبۇل قىلغاي، ئۇلارغا جەننەتۇل فىردەۋس ئاتا قىلغاي، جەننەتنىڭ ئالىي قەسىرلىرىنى نېسىپ قىلغاي، جەننەتتىكى ئەڭ كاتتا نېمەت بولغان مېھرىبان رەببىمىزنىڭ جامالىنى كۆرگىلى نېسىپ قىلغاي، امىن

بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق دەپ قارالغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىز يەكەن تۈرمىسىگە قامالدى. ئۇلار بۇ تۈرمىدە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئېغىرلىرىغا مۇددەتسىز، يېنىكلىرىگە يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى ھەمدە ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان (داخىيەن) تۈرمىلىرىگە يۆتكەلدى. پەقەت 65 ياشلىق ئاكىمىزغىلا 17 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. ئەمىر ئابدۇۋەلىنىڭ ئايالىغا يىگىرمە يىل، قېيناتىسىغا يىگىرمە يىل، قېينئاكىلىرىدىن بىرىگە مۇددەتسىز، يەنە بىرىگە يىگىرمە يىل، قېينئىنىسىغا يىگىرمە يىل كېسىم كەستى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن 20 ~ 35 ياش ئارىلىقىدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىدى.

يولدىشىم تۈرمىدىكى ۋاقتىدا 75 قېرىندىشىمىزنىڭ سوراق خاتىرىسىنى بىللە ياتقان ئىجتىمائىي جىنايەتچىدىن چىقارتىپتىكەن، مەن ئۇلارنى تەپسىلىي كۆرگەنىدىم. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى كۆز ياشلىرىم بىلەن يېزىپ چىقتىم. بۇ جىھادىي ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغىنى ئۈچۈن كونكرېت ۋاقىتلار ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. 75 كىشىگە تۈرمىنىڭ ئىچىدە ھەربىي سوت ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بارلىق تۈرمىلەرنىڭ تۈزۈملىرى قاتتىق چىڭىتىلدى. قىرغىنچىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ، تارىخى بەتلىرىگە

يېزىلىشى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇردۇم.

# غەرب ئەللىرىدىن ئىززەت ماكانلىرىغا قىلىنغان سەپەر

ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى، بولۇپمۇ تۈركىستان مۇھاجىرلىرى قۇرئان - سۈننەت ھاكىم بولغان، پىتنىدىن خالىي، پەرزەنتلەرنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىش خەۋپى بولمىغان، قۇرئاننىڭ سايىسى ئاستىدىكى ئىززەت ماكانىغا كەلمەستىن، ئىقتىساد قوغلىشىپ، بەس - بەستە ياۋروپا ئەللىرىگە كېتىۋاتقان بىر پەيتتە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ باياشات سانالغان بىر دۆلەتنى تاشلاپ، ئائىلە بويىچە ئىززەت رايونىغا كېلىشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، ئىززەت ماكانلىرىدىن ياۋروپاغا كېتىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. مېنىڭ بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە غايىۋانە ھۆرمىتىم قوزغىلىپ، قەلبىمدە ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى قوزغالدى — دە، دوستۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

ساھىبخان ھەمشىرىمىز بىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۆيلىرى ئاددىي بولۇشىغا قارىماي، تولىمۇ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، ئادەمگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى. ساھىبخان تولىمۇ مېھماندوست بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي، بىردەمدىلا نارىن چۆپ ئېتىپ ئەچىقتى. تاماقمۇ ئالاھىدە ئوخشىغانىدى. ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرىدىغان قىزى ۋە كىچىك ئىككى نەۋرىسىنىڭ يۈرۈش — تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرىگە قاراپ، بۇلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. قىزى غەرب دۆلىتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، ئېنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەيدىكەن. مەن ئۇ قىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئەدەپ - ئەخلاقلىرىغا قاراپ سۆيۈندۈم، ئۇ قىزنىڭ بۇزۇقچىلىققا تولغان غەرب دۆلىتىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگىنىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ قىز ماڭا ئاق كۆڭۈل، سەممىي كۆرۈندى، ئومۇمەن ماڭا ياخشى تەسىر بەردى. قىزنىڭ ئاپىسىمۇ ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىدىغان ھەمشىرىمىز ئىكەن. ئانا - بالا ئىككىلىسى تۇنجى كۆرۈشكىنىمىزدە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى ئارقىلىق مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن چەتئەلگە چىققاننىڭ ياقى، تۇنجى كۆرۈشكەندىلا، كامىل ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنسانلارنى تولىمۇ ئاز ئۇچراتتىم. ئەخلاق ئىنسان ئۇچۇن تولىمۇ مۇھىم نەرسە بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَا شَيْءٌ أَثْقَلُ فِي مِيزَانِ الْمُؤْمِنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ خُلُقٍ حَسَنٍ» «قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر توختايدىغان نەرسە يوق» دېگەن [سۇنەن تىرمىزى 2002 — ھەدىس، سەھىھ].

مەن بۇ ئۆيگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ساھىبخان قېرىنداشىمىزغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ زىيارىتىمنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. مەن ئۇ ھەمشىرىمىزدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سورىدىم:

سىلەر غەربكە قاچان بارغان؟ ئۇ يەردە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟ سىلەر قانداقسىغا ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان شۇنچە باي دۆلەتتىن ئائىلە بويىچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار؟ بۇزۇقچىلىققا توشۇپ كەتكەن غەرب ئەللىرىدە پەرزەنتلىرىڭىزنى ياخشى ئەقىدە ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەشتە قانداق ئۇسۇل قوللاندىڭلار؟

ئۇ ھەمشىرىمىز مۇنداق جاۋاب بەردى:

يولدىشىم 97 — يىلى چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، ئادۋوكات تۇتۇپ مەن بىلەن ئىككى ئوغلۇمنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە ئەچىقىشقا ئىلتىماس سۇنغاندىن كېيىن، بىزگە ۋىزا ئەۋەتتى. بىز ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ گۈزەل يۇرتلىرىدىن بىرىدىن غەرب ئەللىرىگە ئاتلاندۇق. قەلبىم مۇرەككەپ ھېسلارغا تولغانىدى. ئىنسان ئۇچۇن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى تاشلاپ مېڭىش ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەن.

بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنى ئارقامدا قويۇپ ماڭغىنىمغا بىئارام بولۇپ، ئۇنىسىز ياش تۆكسەم، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب ئەللىرىگە بولغان قىزىقىشىم، ئۇ يەرلەرنىڭ مەن ئاڭلىغان گۈزەل مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشكە بولغان ئىنتىلىشلىرىم ۋە ئېرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىم مېنى خۇش قىلىپ تۇراتتى. باللىرىم ۋەتەندىن ئايرىلىشنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە كىچىك بولغاچقا، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاپ، قىن — قىنىغا پاتمايۋاتاتتى.

مەن اللّٰه نىڭ ياردىمى بىلەن، 99 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يولدىشىمنىڭ يېنىغا سالامەت يېتىپ كەلدىم. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال - خۇراملىق بىلەن جەم بولدۇق. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ يەردىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ پايتەختىگە نامايىشقا باردۇق. ۋەتەندىكى چېغىمىزدا ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان، بىز «ئۆكتەبىر بايرىمى» دەپ چوڭ بىلىپ كەلگەن شۇ كۈنى ھەممىمىزگە بايراق تارقىتىپ بېرىشتى. شۇ كۈنگىچە مەن بۇ ئاتالمىش «بايرام» كۈنىنىڭ، ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان كۈن ئىكەنلىكىنى ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۇلارنى شۇ كۈنى چۈشىنىپ يەتتىم ۋە ئۆتمۈشتە بۇ كۈننى بايرام بىلىپ يۈرگىنىمنى ئويلاپ قاتتىق نومۇس قىلدىم، ھەتتا ھايۋاندىن ھېچ پەرقسىز ياشىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ بىزنى قۇل قىلغان كۈننى، يەنى 10 — ئاينىڭ 1 - كۈننى دۆلەت بايرام كۈنى قىلىپ بېكىتكەنىكەن. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھاكىمىيەت قۇرغان كۈننى بىز

بلمەي بايرام دەپ تەبرىكلەپ يۈرۈپتۇق. مەن ئۇ ۋاقتتا دىنىمىزنىمۇ چۈشەنمەيتتىم، سىياسەتتىنمۇ بىخەۋەر ئىدىم. شۇ كۈنى بايراقنى كۆتۈرۈش بىلەن مەندە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى پەيدا بولدى دېسەممۇ بولىدۇ. خىتايلار بىزنى قۇل قىلغانلىقنى ئاشكارا جاكارلىغان كۈننى بايرام دەپ، ئالاھىدە يېڭى كىيىملەرنى تىككۈزۈپ كىيىپ، ئۆزئارا مېھمان چاقىرىشىپ، ھەر خىل شەكىلدە تەبرىكلىگىنىمىزدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ، تولىمۇ بىئارام بولغان ھالدا، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ قايسى زېمىندا، قانداق خاراكتېردە ياشىغانلىقىمنى شۇ كۈنى ھېس قىلدىم. مەن يولدىشىمدىن بىر يېرىم يىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولدۇق. مەن ئۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن اللە نىڭ پەزلى بىلەن يەنە ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل تۇغدۇم، جەمئىي ئالتە پەرزەنتىمىز بار بولدى.

نامايىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كاللامدا بىر خىل داۋالغۇش بولدى. نېمىلەرگىدۇر تەلپۈندۈم. مەن قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيتتىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخلىرىنىمۇ ئوقۇپ باقمىغان ئىدىم. قەلبىمدە ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ مېنى قىيناۋاتتى. مەن ئۆزۈم ئىزدىگەن نەرسىنىڭ دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم — دە، قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئائىلە بويىچە ئوقۇشقا باشلىدۇق. يولدىشىم ئوقۇيالمايتتى، مەن ئوقۇپ بەردىم. بۇ قىممەتلىك كىتابتىن قەلبىم تەلپۈنگەن ئەڭگۈشتەرنى تاپتىم. شۇنداقلا كاللامدىكى نۇرغۇن چىگىش سوئاللارغا جاۋاب تاپتىم. يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز بىرلا ۋاقىتتا اللە نىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن ھىدايەت تېپىپ ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولدۇق. ۋەتىنىمىزنىڭ جىھادسىز ۋە قورالسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى جىھاد قىلمىغۇچە تاجاۋۇزچى خىتايلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنىۋاتقان ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتتۇق.

ئافغانىستان ۋە چېچېنىستاننىڭ جىهادىي فىلىملىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ، جىهادنىڭ ئىشغالىيەتچى كاپىرنىڭ زۇلۇملىرى ئاستىدا قالغان بىزگە ئوخشاش خەلقكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. بىز دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ جىهادنى چۈشەنگەن. . .

شۇلارنى دېگەچ ھەمشىرەمنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

مەن بۇ تەسىرلىك سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ «سبحانهللاه! بۇ قېرىنداشلىرىم ئىسلامنىڭ باشقا ئەھكاملىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ جىهاد ئىبادىتىنى چۈشىنىپتىكەن. ئەجابا شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن ئۇممۇل قۇرا، ئەزھەر، رىياز ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى ئالغان، خەلقىمىز ئىچىدە ئالىم دەپ نامغا ئېرىشكەنلەرچۇ؟ ئۇلار قۇرئاننىڭ جىهاد ئايەتلىرىنى ۋە مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ جىهاد توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىنى ئوقۇمىغان بولغىيمىدى؟ جىهاد ساھەلىرى شۇنداق ئالىم ۋە ئۇستازلارغا شۇنچىلىك موھتاج ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان ئورۇننى تولدۇرغان بولسا الله نىڭ ياخشى كۆرگەن بەندىلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ، شېھىدلەر ئۈچۈن تەييارلىغان كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشمەسمىدى؟ ئۇلار نېمىشقا ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىغا قىزىقماستىن، ئەرزىمەس دۇنيانىڭ مال — ماتالىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك جىهادقا تەشكىللىمەي، كونسۇلخانىنى ئوغرىغا بەرمەي، شۇ يەرنى بېقىش ئۈچۈن نادان، بىچارە غېرىب خەلقنى ئالداپ يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەقەت جىهاد بىلەنلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغاندۇ؟ ئۇلار الله تعالى پەرز قىلغان ئىبادەتتىن

باش تارتىش بىلەن نىجادلىقتا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئويلانمامدىغاندۇ؟» دېگەن ئويلار كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى.

ئۇ ھەمشىرەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ بىز بىرەر دەۋەت سورۇنىدىمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغان، دىنني ئاتالغۇلارنىمۇ چۈشەنمەيتتۇق. شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئاۋۋال الله نىڭ ھىدايەت قىلىشى، ئاندىن قالسا ئىزدىنىشىمىز ئارقىلىق تەۋھىد ئېڭىمىز ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىم ۋە باللىرىم ئىسلامىي كىيىملەرنى كىيدى، مەنمۇ تولۇق ھىجابلاندىم. ئائىلە بويىچە تەۋھىد ئېڭىمىز يۈكسەلدى. نەپسىمىزدىن كېچەلمىگۈدەك دەرىجىدە سىناقلارغىمۇ دۇچ كەلدۇق. باللارنى كىچىكىدىن تارتىپ تەۋھىد ئېڭى بىلەن چوڭ قىلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، باللارنى ئۇستازغا ۋە مۇئەللىملىرىگە تاشلاپ قويماستىن، مەن ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۈرۈش - تۇرۇش ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىمدە باللارغا ئۈلگە بولۇشقا تىرىشتىم. دەسلەپتە باللارغا الله نى تونۇتۇش دەرسىنى ئۇلارنىڭ يېشىغا ماس ھالەتتە ئۆتتۇم.

الله كىم؟ بىز نەدىن كەلدۇق؟ نەگە بارىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىمىز؟ قىيامەت كۈنىدە بەندىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ بارلىقىنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە چۈشەندۇرۇپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىمىز مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بىر زېمىندا ئەقىدىسى پاك ھالەتتە چوڭ بولدى. باللىرىمىزنىڭ سۈزۈك ئەقىدىدە ئۆسۈپ يېتىلەلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بىز بىرنى ئاگلىساق بىرگە ئەمەل قىلدۇق. «ئۆسۈم ھارام» دېگەن ھۆكۈمنى بىلگەندە ئۇنىڭدىن ساقلاندۇق. بىزنىڭ ئۆي سېتىۋالغۇدەك ئىقتىسادىمىزمۇ بار ئىدى، بىراق بىز تۇرغان دۆلەت خىتاي ھاكىمىيىتىگە تۈپتىن ئوخشمايتتى. ئۇ جاھانگىر دۆلەت بولۇپ، بۇلار خەلقنى كونترول قىلىشنى بىلىدىغان، سىرتقى

قىياپەتتە باشقا ئىنسانلارغا ياخشى، خەلقكە بەك ياردەم بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ئۇممەتتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى، ئاندىن پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىمەن دېسە، بۇ جاھانگىر پۈتۈن ئۇممەتنى يوقىتىمىز دەيدىكەن. خىتاي دەرەخنىڭ بىر شېخىنى سۇندۇرغان بولسا، بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرىمەن دەپتۇ، دېگەن چۈشەنچە كاللىمىزغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ الله تعالى بىزگە بەرگەن چوڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارغا «الله نىڭ داۋاملىق بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئەقىدىنى تەلقىن قىلدۇق. بىزنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە چىقىشىمىزدا ئېنىق مەقسەت، نىشان يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا بىز دىننى قەتئىي چۈشەنمەيتتۇق. بىز پەقەت تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىشنى، باللىرىمىزنى چەتئەلدىكى ئالىي ئىنىستىتۇتلاردا ئوقۇتۇپ ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشنى ئويلىغانىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن الله نىڭ پەزلى بىلەن ھىدايەت تېپىپ قالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كاپىرلارنىڭ دۆلەتلىرىدە تۇرماي، ئىسلامىي دۆلەتلەردىكى جىھادقا قاتنىشىش ئىستىكى قوزغالدى. باللىرىمغا تەۋھىد دەرسلىرىنى ئۆزۈم ئۆگەتتىم. باللىرىمنىڭ ئەقىدىسىدە كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىش بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئالتە ياشقا كىرگەن قىزىم مەكتەپتە «ئوغۇل باللارنىڭ قولنى تۇتۇش ھارام، مەن مۇسۇلمان قىز» دەپ بىر بالىنىڭ قولنى تۇتقىلى ئۇنىمىغانلىقتىن، تۆت بالام بىر يىل تۆت ئاي ئوقۇشسىز قالدى. يولدىشىم 20 يىل، مەن 17 يىل تۇرغان يەر ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەرگە ئوخشمايدۇ. ھەممە ئادەم ئىنتىلىدىغان، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار شۇ يەردە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ياشاش بەك قولايلىق جاي بولۇپ، بىز ئۇ يەردە ئىززەت بىلەن ياشىغانىدۇق. بىزگە تۈنجى تەسىر قىلغان ئىش شۇ بولدىكى، شۇ يەردە بىر ئۇيغۇرنىڭ بالىسى ۋاپات بوپتىكەن، يولدىشىم

جىنازا نامىزىغا بېرىپتۇ، يەرلىكنى يەر كولاش ماشىنىسى بىلەن كولاپلا، ساندۇققا سېلىپ كولىغان يەرلىككە قويۇپ، تۆپىسىگە شېغىلنى يەر كولاش ماشىنىسى بىلەن تۈرتۈپلا كۆمۈۋېتىپتۇ، يولدىشىم شۇنداق قورقۇپ كېتىپتۇ.

بىز ئۇ ۋاقىتتا جىھاد ئىبادىتىنى خېلى ياخشى چۈشىنىپ قالغان ئىدۇق. شۇ كۈندىن تارتىپ بۇ كاپىرنىڭ شەھرىدە ئۆلۈپ قېلىشتىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيدىغان بولدۇق. بىز ئۇ يەردە شۇنچە كۆپ يىل ياشاپمۇ ئۆي ئالمىدۇق، ئالدىدىمۇ دېگىنىمدەك، ئۆي سېتىۋالغۇدەك پۇلىمىز بار ئىدى. غەرب دۆلەتلىرىدىكى كاپىرلار نەق پۇل تۆلىسىڭىزمۇ ئۆي سېتىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىزدەك ۋە بىزدەك مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىشتۇر. نەپسىمىزگە بېرىلسەك، شەكلى مۇسۇلمان بولۇپ ياشايمىز. ئۆي سېتىۋالىدىغانلار ئۆسۈمگە ئالىدۇ. ئۆزى يېنىدىن ئاز پۇل تۆلەيدۇ، قالغاننى ئۆسۈمگە ئالىدۇ. چۈنكى كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۆسۈمنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۆي سېتىۋالغانلار ئوتتۇز يىللىق ياكى قىرىق يىللىق مۇددەتكە بۆلۈنگەن ئۆسۈملۈك قەرزگە بوغۇلىدۇ. ئۆمرى ئۆسۈم تۆلەش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئادەتتە 200 مىڭ دوللارلىق ئۆي ئۆسۈم بىلەن 500 مىڭ دوللار بولىدۇ.

بىز ئۇ يەردە ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە ئىجارە ئولتۇردۇق. ئۇ يەردە 17 يىل ياشاپمۇ ماشىنا ئالمىدۇق. ئالتە بالىمىز بولغاچقا ماشىنىغا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدۇق. ئەمما، ئۇلار مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىن ماشىنا ئېلىشىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى ئۇلارغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، قول قويمىغۇچە پىراۋنى ھەرگىز بەرمەيدۇ. ئىمانىمىز بىلەن ياشايمىز دەيدىكەنمىز، دۇنيانىڭ نەرىگىلا بارمايلى، بىزگە يېشىل چىراغ ئەمەس، قىزىل چىراغ يېقىلىدىكەن. ئۇ يەردە تۇرۇپ باققانلار بىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە «مەستېر كارت ۋە ۋىزا

كارت» دەيدۇ. كارتا بېجىرسىڭىز ياشىشىڭىز شۇنچىلىك قولايلىق. شۇ كارتىلارنىڭ ھەممىسى ئۆسۈمگە ماڭىدۇ. بىز شۇ يەردە شۇنچە يىل ياشاپمۇ ئۇ كارتا، بۇ كارتىلارنى ئىشلىتىپ باقمىدۇق. كۆچمىزنىڭ يېتىشىچە ئۆسۈمدىن ساقلاندۇق. مەسىلەن، خىتايدا پۇلىڭىزنى بانكىغا قويسىڭىز سىزگە ئۆسۈم چىقىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆسۈم ھارام دەپ بانكىدا پۇل قويمايدۇ، قويغان تەقدىردىمۇ ئۆسۈمنى ئالمايدۇ. لېكىن، بىز تۇرغان يەردە بانكىدا پۇل قويساق ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا ئۆزىمىز باج تۆلەيمىز. بىز بۇ دۆلەتتىن كېتىشنى ئويلاپ تۇرغاندا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى مۇجاھىدلىرىنىڭ ۋىدىيوسىنى كۆردۇق، قىيامەت كۈنى الله نىڭ رەھمىتى بىلەن نىجادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد ئىبادىتىنى قىلمىساق بولمىغۇدەك، جىھاد ئىبادىتىنى قىلمىغان ھەم قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلمىغان مۇسۇلمان چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدىكەن. بىز گەرچە يەر يۈزىدىكى ئەڭ گۈزەل جايلاردا ياشىغان بولساقمۇ، الله نىڭ مەڭگۈلۈك جەننىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىل ياشىغان ماكاننى تاشلاپ، قۇرئاننىڭ سايىسىدە ياشاش ئۈچۈن قۇرئان قانۇن بولغان، مۇسۇلمانلار ھەقىقىي ئىززەت بىلەن ياشاۋاتقان، الله تاللىغان ۋە رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دۇئا قىلغان، ساھابىلىرىگە ئۆزىدىن كېيىن بېرىپ تۇرۇشقا ۋەسىيەت قىلغان بەرىكەتلىك ۋە ئىززەتلىك شام زېمىنىغا ئائىلە بويىچە كەلدۇق. مەن ۋە باللىرىم الله نىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتىدىن ئىنتايىن خۇشال ۋە تولىمۇ مەمنۇن ئىدۇق. بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىماننىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى تېتىدۇق. بۇ يەردىكى كەڭرىچىلىك، بەرىكەت ۋە الله تىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان خاتىرجەم تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. قىسقىسى قەلب خاتىرجەملىكىگە ئېرىشتۇق. بىز كەلگىلى سەككىز يىل بولدى. نە مەن ياكى باللىرىم قىلچە پۇشايمان قىلىپ باقمىدۇق. گەرچە تۇرمۇشىمىز ئاددىي -

سادداا بولسىمۇ، بىز بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن. ئىنسان ئۈچۈن قەلب خاتىرجەملىكىدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بولمىسا كېرەك، ــ دېدى ئۇ.

ــ دۇنيادىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا يۈرەك سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟

ــ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا دەيدىغان سۆزۈم شۇكى، بىر مۇسلىمە ۋە مۇجاھىدە بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ياۋروپاغا بارغانلار دىنىڭلارنى ساقلاپ ياشيالىساڭلار ئۇ باشقا گەپ. ياخشى نىيەت بىلەن الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۇرۇۋاتقان بولساڭلار ياكى «ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋە ئۇممەتكە ياردەم قىلىمەن، شۇ ئارقىلىق دىنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن» دېگەن مەقسەتتە تۇرۇۋاتقان بولساڭلار، سىلەرنى الله ئىسلام دىنىدا سابىت قەدەم بىلەن تۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئەگەر پاراۋان ياشايمەن دەپلا تۇرۇۋاتقان بولساڭلار، بۇ دۇنيا بەكلا قىسقا، ئۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك. ئاخىرقى دىيارىمىزنىڭ جەننەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايلى. الله نىڭ ئازابى بەك قاتتىق! غەرب دۆلەتلىرىدە «بالىلىرىمىزنى ئىسلامىي تەربىيەلەيمىز» دېگەن خىيالنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىن 99 پىرسەنت ئۈمىد يوق دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەرب دۆلەتلىرىدە لۇت قەۋمىنىڭ پەسكەش، ئىنسان تىلغا ئېلىشقىمۇ ئۇيۇلىدىغان، قورقۇنچلۇق قىلمىشى قانۇنىيلاشتۇرۇلدى. ھەتتا بەش ياشلىق بالىلارغىمۇ بۇ پەسكەشلىكنى ئومۇملاشتۇرۇشنى جاكارلاۋاتىدۇ. ئۇلار «دۇنيادا ئەر ياكى ئايال دەيدىغان نەرسە يوق» دەپ جار سېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق پەسكەش، رەزىل دۆلەتلەردە تۇرۇش ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىلىرىڭلارنى قاراپ تۇرۇپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئىتتىرگەنلىكتۇر. ياۋروپادا ياشاۋاتقانلارغا ۋە ياۋروپاغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا دەيدىغىنىم ئۇ كاپىرلارنىڭ شەھەرلىرىدە ياشىماڭلار ۋە ئۇ يەرلەرگە بارماڭلار! ئىسلامىي زېمىنلارغا كېلىڭلار! بىز ۋەتەندە جېنىمىزنى

باقالماي غەرب دۆلەتلىرىگە چىققان ئەمەس. ۋەتەندە تۇرمۇشىمىز باي - باياشات ئىدى. يولدىشىم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن مېنى خىزمەتتىن چىقىرىۋالدى. ئۆيدە ئىككى خىزمەتچىم بار ئىدى. . . . مەن مۇشۇنداق پاراۋان، ئېسىل تۇرمۇشتا ياشىغان بولساممۇ، هازىرقىدەك ئىمانىي لەززەتنى تېتىپ باقمىغانىدىم. الله تعالى «هىجرەت قىلىڭلار، كەڭچىلىكنى تاپىسىلەر» دېگەن. الله ۋەدىسىدە ئەڭ تۇرغۇچى زات بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ هەق ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. بىز مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ زېمىنىدا ياشاپ، هەرگىز ئىززەت تاپالمايمىز. چۈنكى، بىز كاپىرلارنىڭ دېگەن يېرىگە كەلمىگۈچە، ئۇلار هەرگىز بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئويلىمىساڭلارمۇ ئەۋلادلىرىڭلارنى ئويلاپ قويۇڭلار! چەتئەلدە دوكتور، ماگىستىرلار كۆپ، سىلەر شۇ بىلىمىڭلار ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭلار، سىلەر زادى نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىسىلەر؟ نەگە بېرىپ نەدە تۇرىسىلەر؟ ئاخىرىدا قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىغان ۋاقتىڭلاردا هەممە ئىشنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيسىلەر! كېلىڭلار! سىلەر بىزنىڭ بىر پارچىمىز. پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىز بىر تەن، بىر جەسەت. بىز بىر شەرقىي تۈركىستانلىق. . . كېلىڭلار! قولىمىزغا بىللە قورال ئېلىپ فاشىست خىتاي كاپىرلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرايلى!

ئى ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ! مەن سىلەرگە بۇ هەمشىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز پېتى بايان قىلدىم.

## ھەمشىرىلەرگە نەسىھەت

ئەزىز، سۆيۈملۈك، ئەقىللىق، ئىشچان سەۋرچان ھەمشىرەم، كۆڭلىڭىز قاتتىق يېرىم بولۇۋاتىدىغۇ دەيمەن. چۈنكى سىزنىڭ نەچچە يىللىق ھەمراھىڭىز، سىردىشىڭىز، سۆيۈملۈك، ئوماق بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسى باشقا بىر مۇسلىمە ئايالغا ئۆيلىنىۋالدى. سىز ئېرىڭىزنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ھەم ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىڭىز. ئەمما، مەيلى سىز خالاڭ ياكى خالىماڭ، اللە نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى تەقدىرى جارى بولۇۋېرىدۇ. ئەزىز ھەمشىرەم، اللە سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئاياللارغا ئېغىر كېلىدىغان بۇ سىناق بىلەن سىزنى سىناپتۇ. سىز بۇ ئىمتىھانغا چىرايلىقچە سەۋر قىلىپ، سەۋردىن ئىبارەت پەرز ئەمەلنى گۈزەل رەۋىشتە ئادا قىلىپ، ئەجىر - ھەسەناتلارغا ئېرىشكۈڭىز بارمۇ؟ ياكى بۇ ئىمتىھاننى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، اللە نى خۇرسەن قىلغۇڭىز بارمۇ؟ بۇ سىزنىڭ ئىمانىڭىزغا ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. مېنىڭچە، سىز اللە نى رازى قىلىش ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى قۇربان قىلالايدىغان بىر ھەمشىرەم. چۈنكى، سىز اللە نى رازى قىلىپ، ئاخىرەتتىكى كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قەلبتىن كېچىپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان كاتتا نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بارلىقىڭىزنى اللە قا ئاتىغان ۋە اللە ئۈچۈن قۇربانلىق بەرگەن ۋە اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىرىڭىزدىن ۋاز كەچكەن بىر ھەمشىرەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ سىناققىمۇ سەۋر قىلىپ كېتىسىزغۇ دەيمەن ؟!

ئەزىز ھەمشىرەم! قەلبىڭىزنى كەڭرى تۇتۇڭ. شەيتانلارنىڭ قەلبىڭىزگە كىرىپ سىزگە توختىماي ۋەسۋەسە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. ئەتراپىڭىزدىكى ئادىمىي شەيتانلارغىمۇ ھەرگىز پۇرسەت بەرمەڭ. چۈنكى،

شەيتان ئىنساننىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. دۈشمەن رەقىبىنىڭ ياخشى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشىنى، مۇشۇ سىناقتا سەۋر قىلىپ، گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ الله نىڭ دەرگاھىدا دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئەگەر سىز، سىزگە ھەمشىرە بولغان قېرىنداشىڭىزغا ھەققىي مۇئمىنە سۈپىتىڭىز بىلەن ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇ ھەمشىرىڭىزمۇ ئېرىڭىزنى يۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋېلىشتىن ئىبارەت ناتوغرا نىيەتلىرىدىن ياندۇ. ئەگەر يولدىشىڭىزنىڭ ئىككىنچى ئايالى شەخسىيەتچىلىك قىلسا، ئۆز - ئۆزىگە يامانلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ياخشىلىق قىلسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ. يامانلىق قىلسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ.

# مۇسىبەت بوپتۇ . . .

ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى.

ـ كىم ؟ ـ دېدى سەبىرە.

ـ مەن ئاينۇر، ـ دېدى ئىشىك سىرتىدىكى قىز.

ـ كىرىۋېرىڭ، ئىشىك ئوچۇق.

ئاينۇر ئۆيگە كىرىپ سەبىرە بىلەن چىرايلىق سالاملىشىپ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، سەبىرەگە قاراپ:

ـ يۈرۈڭە، مۇھسىنەنىڭ ئۆيگە چىقىپ كىرەيلى، ـ دېدى.

ـ ئۆيگە ئەمدى كىردىڭىز، مەن بىرەر پىيالە چاي دەملەي، چاي ئىچىپ چىقامدۇق؟ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مېھمانلارنى كۈتۈشتە بارلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاجايىپ ياخشى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بار ئىدى. چەتئەلگە چىققانىنىڭ ياقى مېھمان كۈتۈشتىكى ئەدەپ - قائىدىلىرىمىزنىمۇ بارغانسېرى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىمىز جۇمۇ؟ ـ دېدى سەبىرە.

ـ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، ئاتا - ئانىلىرىمىز تولىمۇ مېھماندوست كىشىلەر ئىدى. بىز چەتئەلگە چىقىپ مۇھاجىر بولغانىنىڭ ياقى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدە، سۈننەتكە لايىق نۇرغۇن ياخشى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. بەزىدە باللىرىمىزنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىسام، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

سەبىرە چاي دەملەپ ئەكەلدى ۋە:

ـ قېنى چايغا بېقىڭە، مۇھسىنەنىڭ ئۆيگە نېمىگە چىقىمىز؟ ـ دېدى.

ـ ۋىيەي قوشنام! تېخىچە خەۋەر تاپمىدىڭىزمۇ؟ مۇھسىنەگە ئېغىر مۇسىبەت كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان سەبىرەنىڭ يۈرىكى قارتىتىدە قىلىپ قالدى ۋە:

ـ مۇھسىنەگە نېمە بوپتۇ؟ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپتىمۇ؟ ـ دېدى.

ـ ياق!

ـ ئۇنداقتا ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇمۇ؟

ـ ياق!

ـ ئەمىسە بىرەر بالىسى ۋاپات بوپتىمۇ؟

ـ ياق - ياق. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۇسىبەت كەپتۇ.

سەبىرە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ:

ـ ئۇنداقتا ئېرى ۋاپات بوپتۇمۇ؟ ـ دېدى.

ـ ياق!

ـ ئەمىسە زادى نېمە بوپتۇ؟ ئادەمنى جىددىيلەشتۈرمەي ئېيتسىڭىزچۇ؟

ـ ئېرى يەنە بىر خوتۇن ئاپتۇ. شۇڭا كىرىپ سەۋرنى تەۋسىيە قىلىپ قويۇپ چىقايلى دەپ كىردىم.

ـ توۋا، مۇشۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا قىلىش كېتەمدۇ؟ مەيلى بىللە كىرىپ چىقايلى.

ئۇلار يولدا ئۇچرىغانلارنىمۇ چاقىرىپ ئالتە - يەتتە كىشى بولۇپ مۇھسىنەنىڭ ئۆيىگە كىردى. مۇھسىنە ئۇلارنى خۇش چىراي، قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە مېھمانلارنى باشلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ـ چوڭ مۇسىبەت كەلدى دەۋاتاتتىڭلار، كەيپىياتى شۇنداق ياخشىغۇ؟ ـ دېدى سەبىرە.

ـ ۋىيەي ھېلى كۆرىسىز قانداقلىقىنى؟ كىرىپ بولغۇچە يىغلىمايدۇ؟!

ـ دېدى بىللە كىرگەن ئاياللاردىن بىرى.

ـ شۇ، قايسى كۈنى بىز يەنە بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە مۇشۇ ئىش توغرىلىق سەۋرنى تەۋسىيە قىلىپ كىرسەك، مېنىڭ بېشىمغا بەك ئېغىر سىناق كەلدى دەپ، تازا يىغلىدى ـ دېدى يەنە بىرەيلەن.

مۇھسىنە مېھمانلارغا داستىخان سالدى. قىزىق دەملىگەن چاي ۋە يەل - يېمىشلەرنى تىزىپ بولۇپ:

ـ قېنى ئالغۇچ ئولتۇرۇڭلار قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ كىرمىكىڭلارمۇ ئاسان ئەمەس، ئازراق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار، مەن شاققىدە تاماق قىلاي، ـ دېدى.

ـ بولدى، ئاۋارە بولماڭ. بىز ئالدىرايمىز، ئۆيدە كىچىك باللار قېپقالدى، ـ مېھمانلار شۇنداق دېيىشىپ، مۇھسىنەنى تاماق ئەتكىلى قويمىدى.

ـ ئاڭلىساق بېشىڭىزغا ئادەم كۆتۈرەلمىگىدەك ئېغىر مۇسىبەت كەپتۇ، ـ دېدى ئاردىن بىرەيلەن پوسۇققىدە.

بۇنى ئاڭلاپ مۇھسىنەنىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئارتۇق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

ـ بىز ئېرىڭىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمىز. . . ھازىر ھەممە ئەرلەر ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايال ئېلىشتا مۇسابىقەلىشىۋاتامدۇ، قانداق ؟ ـ دېدى يەنە بىرەيلەن.

مېھمانلارنىڭ سۆزلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇھسىنە سۆز باشلىدى:

ـ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كىرگىنىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەردىن رازى بولسۇن. مېنىڭ ئېرىم، شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشەي، دېدى. ئەرلىرى ئۇرۇشلاردا ۋاپات بولغانلىقتىن (اللە ئۇلارنى شېھىدلەر قاتارىدا قىلغاي) ۋە باشقا سەۋەبلەردىن

تۇل قالغان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا، تور دۇنياسىدا ئەۋجگە چىققان بۇزۇقچىلىققا دۇچار بولۇپ ھەق يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى، شۇ سەۋەبلىك جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ بويۇن قىسىپ، يامان يوللارغا مېڭىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى خالاس. مەن بۇ ئىمتىھانغا سەۋر قىلىپ، اللە نىڭ مېنى مۇھسىنلار قاتارىدا جەننەتكە مۇيەسسەر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھىجرەتنى ئېرىم ئۈچۈن ئەمەس، اللە ئۈچۈن قىلدىم. شۇڭا مەن اللە نىڭ ھەرقانداق كۆرسەتمىسىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئادا قىلسام، چەكلىمىلىرىدىن قەتئىي يانسام دەيمەن. دۇنيانىڭ ئادەم ئالدايدىغان ئازغىنە، ئەرزىمەس مال - ماتالىرى ئۈچۈن، مېنى مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نېمەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن. ئېرىم خوتۇن ئالغان بولسا، ماڭا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستاندىن، خىتاي كاپىرلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئىماننى ۋە ھىجابىنى ئېپىپتىنى قوغداش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ چىققان ھەمشىرىمىزگە ئۆيلەندى. يەھۇدىي، ناسارا ياكى بۇتپەرەس، دىنسىز خوتۇنغا ئۆيلەنمىدى. ئەگەر ئېرىمنىڭ ماڭا قارىتا مۇئامىلىسى ئۆزگەرسە، ئۇنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدىغان اللە بار.

«تەسەللىچى»لەر مۇھسىنەنىڭ بۇ ۋەزىنلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق خىجىل بولۇشۇپ، ئاستا خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

# خۇش بېشارەت ئېلىگىلار

شام زېمىنلىرى اﷲ بەرىكەتلىك قىلغان زېمىندۇر. اﷲ يەر شارىنى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەرشارىدا ياشايدىغان مەخلۇقاتلار ئالەمنى، كۆپلىگەن دۆلەت، شەھەر ۋە ئىنسانلارنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلەر ئىچىدىن خاس شەھەرلەرنى ۋە ئىنسانلار ئىچىدىن خاس ئىنسانلارنى تاللىغان. شەھەرلەر ئىچىدە ئۇلۇغ شەھەر قىلىپ، مەككە، مەدىنە ۋە شام دىيارلىرىنى تاللىغان. ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىرىنى تاللىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنى شام دىيارىدىن چىقارغان. مەھشەر زېمىنى ۋە ئىيسا عَلَيْهِ السَّلَام چۈشىدىغان زېمىنلار يەنىلا شام زېمىندۇر. سەھىھ ھەدىسكە ئاساسەن ئىيسا عَلَيْهِ السَّلَام دەمەشقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاق مۇنارغا يېقىن ئورۇنغا چۈشىدۇ. شامغا خۇش بېشارەت بولسۇنكى، رەھمان تعالى نىڭ مالائىكىلىرى قانىتىنى يايغاندۇر. شام دىيارى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە اﷲ مۇبارەك قىلغان زېمىندۇر، شام بىر زامانلاردا ئىسلامىي سەلتەنەتنىڭ پايتەختى بولغان. شام كۆپلىگەن ساھابىلەر ۋە ئالىملار دەپنە قىلىنغان مۇبارەك دىياردۇر. يەنە كېلىپ شام جىھاد بايراقلىرى ۋە ئىلىم بايراقلىرى لەپىلدىگەن ھەمدە خىرىستىيانلار ۋە ئەھلىسەلىبلەرنىڭ سۈيىقەستلىرى بىتچىت بولغان دىياردۇر.

ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا، شامنى زىكىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم ۋە پەزىلەت زىكىر قىلىنسا، پەيغەمبەرلەر زېمىنى بولغان شامنى ئەسلىمەي مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق دىيارنى زىيارەت قىلماستىن شامغا بارغان. ئاخىر زاماندا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ

بايراقلىرى لەپىلدەيدىغان يەر شامدۇر. ئۆز زامانىسىدا دەمەشىق ئەڭ مەدەنىيەتلىك زېمىن ئىدى.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ: « ئى الله بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى الله ! بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دېگەن دۇئاسىنى ئۇنۇتماستىن، دەرھال دىللىرى شامغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇ يەردە جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرگەنىدى. ئىمان ئاۋانگارتلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەن، ئەمرى ئىبنى ئاس، يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان، قەسقائە ئىبنى ئەمرى، زىرار ئىبنى ئەزۇر ۋە ئۇلاردىن باشقا مىڭدىن ئارتۇق ساھابە بىرگە بولۇپ، بەدرىگە قاتناشقان ساھابىلەردىن يۈزدىن ئارتۇق ساھابە بار ئىدى. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شامنى تاللاپ، ئۇنى ساھابىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان. شام شۇ ۋەسىيەتتىن كېيىن ئىسلام پايتەختى بولغان. شامدىن دۇنياغا ئىلىم ۋە ئادالەت نۇرى چېچىلغان. ئەركىنلىك، قوشنىدارچىلىق ۋە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتەك خىسلەتلەر ئومۇملاشقان. ئىنسانلار تىنچ - ئامان، ئەركىن ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرگەن. شامغا ئادالەتنىڭ بەرىكىتى ياققان. كىشىلەرنىڭ رىزقى كۆپ بولۇپ، باياشاتلىق ئومۇملاشقان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندا: « تاغلارنىڭ ئۈستىگىمۇ دان چېچىڭلار. مۇسۇلمانلار دىيارىدا ئۇچار قۇشلار ئاچ قېلىپتۇ دېيىلمىسۇن» دېگەن ئىكەن. شام قىرغىنقىدا موڭغۇل ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئىسلام مەشئىلى قايتا يورۇغان. ئەھۋال شۇ دەرىجىدە يەتكەنكى، بەزى ئىنسانلار شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەدىن: «شامدا تۇرۇش ئەۋزەلمۇ ياكى مەككە، مەدىنىدىمۇ؟» دەپ سوراشقان. ئى شام زېمىندىكى مۇھاجىرلار! سىلەر الله تعالى تاللىغان، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ساھابىلەر قەدەم باسقان

ۋە دۇئا قىلغان، پەيغەمبەرلەر چىققان، ئىلىم نۇرى تارقالغان، جىھاد بايراقلىرى تىكلەنگەن، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كېلىپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان شام زېمىنىدا تۇرۇۋاتىسىلەر! سىلەر الله تعالى نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، يەر شارىغا ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان الله تعالى نىڭ قوشۇنىسىلەر! سىلەر ھەرگىز غېرىب ئەمەس. بارلىق ئىنسانلار سىلەرنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، الله سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. بارلىق ئىنسانلار سىلەرنى ياردەمسىز قويسىمۇ، الله تعالى ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئىقتىساد ۋە رىزىقىڭلاردىن غەم قىلماڭلار. چۈنكى الله سىلەرگە ئۆزى كېپىلدۇر. الله ۋەدىسىدە تۇرغۇچى بۈيۈك زاتتۇر. الله خالىسا يېقىن زاماندا ئىمام مەھدىنىڭ قوشۇنى سىلەر بولىسىلەر. سىلەر دۇچار بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىمتىھانلارنى، الله سىلەرنى ياخشى كۆرگەچكە بەردى. سىلەر زېمىن ئۈستىدىكى پىتنىدىن خالىي بولغان بىر دىياردا تۇرۇۋاتىسىلەر. زېمىن ئۈستىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئىسلامنىڭ نۇرىنى يەرشارىغا تارقىتىشىڭلار؛ شۇنداقلا، جىھادتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىبادەتنى مېلىڭلار ۋە جېنىڭلار بىلەن ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى يەر تەۋرەش، قاتتىق بوران ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ياردەم كەلمەسلىكى قاتارلىقلار بىلەن ئىمتىھان قىلدى. بۇ الله تعالى نىڭ سىلەرگە بەرگەن رەھمەت، پەزلىدۇر. سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بۈيۈك خىزمەتلەر ئۈچۈن، سىلەرنى تاۋلاپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. سىلەر روھلۇق، جەسۇر، ئىرادىلىك، ئىخلاس، سەممىيەتلەر بىلەن شام جىھادىنى داۋاملاشتۇرغىنىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان فەتھىسىگىمۇ يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن ئىنسانلارغا الله نىگمۇ

ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن. اللە تعالى ۋەدىسىدە تۇرغۇچى بۈيۈك زاتتۇر. ئىززەت ماكانلىرىدا ئىززەت بىلەن ياشىغىنىڭلار ئۈچۈن خۇرسەن بولۇڭلار! شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى: سىلەرنى ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشتۈرگەن مېھرىبان اللە نىڭ يولىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەبەدىي راھەتكە ئايلانغۇسى!

# دوستۇمغا نەسىھەت

ئەي ئەزىز دوستۇم، كەمتەرلىكنى ۋە كىچىك پېئىللىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلغىن. ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭدىكى يۈز - ئابروي، نام - ئاتاقلىرىڭغا ۋە قولۇڭدىكى ھوقۇقلىرىڭغا، ئىلىم - ئېرپان جەھەتتىكى يۈكسىلىش كەتكىنىڭ ئۈچۈن ياكى ئىقتىسادلىرىڭغا ۋە ھەيدەۋاتقان ماشىنىلىرىڭغا ياكى چىرايلىق تۇرالغۇلىرىڭغا ئالدىنىپ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتمىغىن! چۈنكى، ئۇنداق قىلساڭ ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىن تېزلا چۈشۈپ كېتىسەن. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ. اللّٰه خالىغان ۋاقىتتا ئۇنى سەندىن ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ھەرقانچە ئىلىملىك بولساڭمۇ يەنىلا بىلمەيدىغان نەرسىلىرىڭ بولىدۇ. چۈنكى، اللّٰه ساڭا بەرگەننى يەنە بىر ئىنسانغا بەرمەيدۇ، يەنە بىر ئىنسانغا بەرگەننى ساڭا بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا عَلَيْهِ السَّلَام نىڭ قىسسىسى دەلىلدۇر. ئىختىلاپىي مەسىلىلەردە كەڭ قورساق بول. پرىنسىپقا ياتمايدىغان مەسىلىلەردە ئۆز پىكرىڭنى باشقىلارغا تاڭما. دوستلىرىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقىتتا سۆزنىڭ ھەممىنى سەن ھۆددە ئالما، دوستلىرىڭغىمۇ سۆزلەشكە پۇرسەت بەر. ئۆزۈڭدىن ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەت قىل، ئىززەت تاپىسەن، ئىشلارنى ھېكمەت بىلەن قىل، ئىشەنچكە ئېرىشىسەن. قىلغان ئەمەللىرىڭگە تەمەننا قىلما. چۈنكى سەن ئەمەللىرىڭنىڭ اللّٰه تعالى تەرىپىدىن قوبۇل بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەيسەن. سۆزلىسەڭ ھەقنى سۆزلە، بولمىسا سۈكۈت قىل!

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەي، داۋاملىق ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈپ تۇر، خاتا كېتىپ پېتىنگە قېلىشتىن ساقلىنىسەن. ئەخلاقىڭنى ياخشىلا. كەمتەرلىك كاتتا ئەخلاق ۋە يۈكسەك ئەدەپتۇر. اللّٰه تعالى كەمتەرلىك ئاتا قىلغان كىشى كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ

وَسَلَّمَ « سەدىقە مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، اللّٰه تعالى بىر بەندىگە ئەپۇنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئىززەتلىك قىلىدۇ، كەمتەرلىكنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان] ئەبۇ بەكرى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: «بىز تەقۋالىق قىلىش ئارقىلىق ھۆرمەتكە، ھەقىقي ئىشەنچ ئارقىلىق بىھاجەتلىككە، كەمتەرلىك ئارقىلىق ئۇستۇن ماقامغا ئېرىشىمىز» دېگەن.

# قىزىمغا نەسىھەت

ئى ئوماق قىزىم:

قۇرئاننى اللە رىزالىقى ئۈچۈن يادقا ئېلىڭ. شۇنداقلا، يادقا ئالغان قۇرئاننى داۋاملىق تەكرار قىلىپ تۇرۇڭ. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّم: «مَثَلُ الْقُرْآنِ مَثَلُ الإِبِلِ الْمُعَقَّلَةِ إِنْ تَعَاهَدَهَا صَاحِبُهَا بِعُقُلِهَا أَمْسَكَهَا عَلَيْهِ وَإِنْ أَطْلَقَ عُقُلَهَا ذَهَبَتْ» «قۇرئاننىڭ مىسالى باغلاقتىكى تۆگىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئىگىسى ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ باغلىسا ئۇنى تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى بوشىتىۋەتسە، ئۇ قېچىپ كېتىدۇ» دېگەن [سۇنەن ئىبنى ماجە 3783 - ھەدىس، سەھىھ ].

نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئاننىڭ لەۋزىنى ياد ئېلىشقىلا كۆچەپ، ئۇنىڭ مەنالىرىنى چۈشىنىشكە، تەۋھىد ۋە ئەخلاق قىسىملىرىغا سەل قاراۋاتقان بىر دەۋردە، سىز ــ ئى قىزىم ــ قۇرئاننىڭ ئۇل - ئاساسى بولغان تەۋھىدكە ۋە ئەخلاققا ھەرگىز سەل قارىماڭ. بولمىسا ئاڭلىغىنىنى تەكرارلايدىغان شاتۇتىدىن پەرقىڭىز قالمايدۇ. ئى ئوماق قىزىم! سىز كەلگۈسى ئۈممەتنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىدىغان ئانا بولىسىز، ئانا ئۇلۇغ ئىنساندۇر. سىزدە شۇ نامغا لايىق ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قابىلىيەت، ساپا بولسۇن.

ئى ئوماق قىزىم! ئىلىم ۋە دەۋەت سورۇنلىرىنى قولدىن بەرمەڭ. چۈنكى، ئىلىم ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭگۈشتەر ۋە ھەرخىل پىتنىلەردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. ئىلىمسىزلىك ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكتۇر. ئۇستازلىرىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ، ئۇستازلىرىڭىزنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭ، ئۇستازىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ باشقا ئۇستازنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ ئۇستازلىرىغا قىلغان ھۆرمەتلىرىنى ئۆگىنىپ شۇ بويىچە ئىش

قىلىشقا تىرىشىڭ. ئەلى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: «كىم ماڭا بىر ھەرپنى ئۆگەتكەن بولسا، ئۇ مېنىڭ ئۇستازىم بولۇش سۈپىتى بىلەن خالىسا مېنى خىزمىتىگە سالسۇن. خالىسا قۇل بازىرىغا ئاپىرىپ ساتسۇن.»
ئەنە شۇندىلا ئىلمىڭىز سىزگە مەنپەئەت بېرىدۇ. بىراۋنىڭ يېشى سىزدىن كىچىك بولسىمۇ، ئەگەر سىزگە ئۇستاز بولغۇدەك سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا، ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇنى ئۇستاز تۇتۇڭ.
ئى ئوماق قىزىم، كىم سىزگە ھەق سۆزلىگەن بولسا، ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈڭ ۋە ھەقكە ئەمەل قىلىڭ. ئىلىمنى نام - ئابرويغا ئېرىشىش ۋە شۆھرەت قازىنىش، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئېغىزغا ئېلىنىش ۋە باشقىلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:
«مَنْ طَلَبَ الْعِلْمَ لِيُجَارِيَ بِهِ الْعُلَمَاءَ أَوْ لِيُمَارِيَ بِهِ السُّفَهَاءَ، ويَصْرِفَ بِهِ وُجُوهَ النَّاسِ إِلَيْهِ أَدْخَلَهُ الله النَّارَ»
«كىمكى ئالىملار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ياكى نادانلار بىلەن دەتالاش قىلىش ۋەياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.» [ئىمام تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ لىغەيرىھ]

ئىلىمنى كۆپ ئالغانسېرى، كۆپ كەمتەر بولۇڭ. كىبىردىن يىراق بولۇڭ. تاماخورلۇقتىن ساقلىنىڭ. قانائەتچان بولۇڭ. كىچىك پېئىل بولۇڭ. ئېغىزىڭىزدىن دۇردانىلار ياغسۇن. باشقىلار سىزنى ئەيىبلىسە، ئېغىر - بېسىق بولۇڭ. ھەرگىز نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماڭ. نادانلار بىلەن تەڭ بولماڭ. تىلىڭىزنى گۈزەل سۆزلەر بىلەن زىننەتلەڭ. ھەق سۆزنى سۆزلەشتىن باشقا ۋاقىتلاردا سۈكۈتنى لازىم تۇتۇڭ. ئەمما، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ،

ھەرقانداق ئادەمگە ھەق سۆزنى قىلىشتىن يانماڭ. چۈنكى، ھەق ئۈچۈن جان بېرىش ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ لەززەتلىك ئىشتۇر.

باشقىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ، بويۇنتاۋلىق قىلماڭ. سىزگە كۆيۈنۈپ تەنقىدىي پىكىر بەرگەنلەرگە قارىتا دىلىڭىزدا ئۆچ - ئاداۋەت ساقلىماڭ. ئەگەر كىم سىزنى ئالدىڭىزدا ماختىسا، ئۇ ئىنساندىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئالدىڭىزدا سىزنى ماختىغان ئىنسان سىزگە كەينىڭىزدىن پىچاق سېلىشى مۇمكىن. قۇرئان ۋە ھەدىستە ئاساسى بولمىغان يېڭىلىقلارغا، يەنى دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەرگە ئەگىشىشتىن ساقلىنىڭ. الله قا سېغىنىپ چوڭ - كىچىك شېرىك ۋە بىدئەتلەردىن قاتتىق پاناھلىق تىلەڭ. ياد ئېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى يادقا ئېلىڭ، شەرئىي ئىلىم ئۆگىنىشكە پۈتۈن ھاياتىڭىزنى بېغىشلاڭ. چۈنكى شەرئىي ئىلىم الله تعالى نىڭ ياخشى كۆرگەن ۋە ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان بەندىلىرىگە بېرىدىغان كاتتا نېمەتتۇر. ئىلىم سەپىرى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە جاپالىقتۇر. ھەرقانچە جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلسىڭىزمۇ، سەپىرىڭىزنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭ.

چۈنكى بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرى جەننەتتۇر. جۇمۇئە سۈرىسىنىڭ 5 - ئايىتىدە ئەيىبلەنگىنىدەك، كىتاب ئارتىلغان ئېشەكلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. بىرنى بىلسىڭىز، بىرگە ئەمەل قىلىپ مېڭىڭ.

***

ئى ئوماق قىزىم! ئۆزىڭىزدىن ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭ، ئەگەر ئۇلار يولدا ئۇچراپ قالسا ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن الله نىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈڭ. ئۆزىڭىزدىن كىچىكلەرنى ئىززەتلەڭ. شۇ ئارقىلىق چوڭلارنىڭ

ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز. كىچىكلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشىغا تۈرتكە بولىسىز. سورۇنلاردا ئۆزىڭىزدىن چوڭلار سۆزلەۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈشتىن ساقلىنىڭ. ھەرقانچە بىلىملىك بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزدىن ياشتا چوڭلار سۆزلەۋاتقاندا تەمكىنلىك بىلەن قۇلاق سېلىڭ. باشقىلار بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە «ئىسمىڭىز نېمە؟ ئېرىڭىز بارمۇ؟ بالىڭىز بارمۇ؟ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ قايسى يۇرتتىن بولىسىز. . . . . ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. چۈنكى بۇ سوئاللىرىڭىز قارشى تەرەپنى بىئارام قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. تۇنجى قېتىم باشقىلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىڭىزدىكى ئوبرازىڭىزغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئى ئوماق قىزىم! «مېنىڭ خۇيۇم مۇشۇنداق» دېگەن باھانىدە، ناچار خۇيلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرماڭ. ئىسلام ۋە ئوقۇغان ئىلىملىرىڭىز ناچار خۇيلىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ھەرقانچە ناتىق ۋە ماھىر تەرجىمان بولۇپ كېتىڭ، ئۇ ئىلىم سىزگە مەنپەئەت قىلمىغان بولىدۇ. ئەتراپىڭىزدىكى ياشتا چوڭ ۋە ئاجىزلارغا قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭ. ئاپتوبۇس قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىگە چىققاندا، يېشى چوڭلارغا، ئاجىزلارغا ۋە قولىدا بوۋىقى بار ھەدىلىرىڭىزگە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنى ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىڭ. ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھمانلارغا خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىڭ. مېھمانلارنىڭ كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلىدىغان سوئاللىرىغىمۇ چاندۇرماي، كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىڭ. چۈنكى، ھەممە ئادەمنىڭ ساپاسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىڭ. يول ماڭغان ۋاقتىڭىزدا يولنىڭ چېتىدىن مېڭىڭ. گەرچە ھىجابلانغان بولسىڭىزمۇ، ھەممە تەرەپكە تەڭ قاراپ مېڭىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. كۆزلىرىڭىزنى ھارامدىن قاچۇرۇڭ. ئولتۇرغاندا

چىرايلىق ئولتۇرۇڭ. يول مېڭىش ۋە ئولتۇرۇپ قوپۇشتا سىلىق - سىپايە بولۇڭ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇرنىڭىزنى تاشلايدىغان ۋە كوچىلايدىغان ۋە چىشىڭىزنى كوچىلايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭ. بۇ ئىشلار سىزنىڭ ئوبرازىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. سورۇنلاردا پۇتىڭىزنى سۇنۇپ ئولتۇرماڭ. بۇ قىلىقىڭىز باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

ئى ئوماق قىزىم! سورۇنلارغا بارغان ۋاقتىڭىزدا ساھىبخان ۋە مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ رەتلىك، پاكىز كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ بېرىڭ. بەتبۇي پۇراقلار بىلەن سورۇندىكىلەرگە ئەزىيەت بېرىپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. سورۇننىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىغا دىققەت قىلىڭ. قاتناشقان زىياپەتلىرىڭىزدىن زەللە ئېلىپ قايتىدىغان ئىشنى قىلماڭ.

***

جان قىزىم!

سىز پات ئارىدا ياتلىق بولىسىز. ﷲ ئەر - ئايالنى بىر - بىرىنىڭ جۈپتى قىلىپ ياراتقان. شۇڭا بۇ ئىككى جىنىس بىر - بىرىگە ئېھتىياجلىق. جان قىزىم! مەن سىزگە نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇمامە بىنتى ھارىسنىڭ قىزىنىڭ توي ھارپىسىدا قىزىغا قىلغان قىممەتلىك، ھېكمەتلىك، پاساھەتلىك، بالاغەتلىك نەسىھەتلىرىنى سىزگە ئەسلىتىپ ئۆتىمەن.

ئى قىزىم! ئەگەر نازاكەتلەرگە ۋە نەسەبى ئېسىل قىزلارغا نەسىھەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، سىزگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق نەسىھەت غاپىللارنى ئويغىتىدۇ، ئەقىللىقلەرگە ياردەم بېرىدۇ. سىز كاتتا باينىڭ قىزى. شۇنداق تۇرۇپمۇ سىز بىر ئەرگە ئېھتىياجلىق. ئى

قىزىم! سىز، سىز ياشىغان يۇقىرى دەرىجىلىك، باي - باياشاتلىق تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، سىز بىلمەيدىغان بىر ئۆيگە ۋە سىز تونۇمايدىغان بىر ئەرنىڭ يېنىغا بارسىز. سىز ئېرىڭىزنى شاھزادە قىلىڭ، ئۇ سىزنى مەلىكە قىلىدۇ. سىز ئۇنىڭ دېدىكى بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ قۇلىڭىز بولىدۇ. مەندىن ئون خىسلەتنى ئۆگىنىۋېلىڭ:

ئۇنى يادقا ئېلىۋېلىڭ ۋە ئەسلەپ تۇرۇڭ:

بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى:

ھەمراھىڭىزدىن رازى بولۇڭ، ئېرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىتائەت ۋە ئاڭلاش ۋەزىپىڭىزنى ياخشى ئادا قىلىڭ. رازى بولۇش قەلبنى راھەتلەندۈرىدۇ، اللە نىڭ رازىلىقى چىرايلىق ئاڭلاش ۋە ئىتائەتكە باغلىقتۇر.

ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچىسى:

ئېرىڭىزنىڭ پۇرىشى ۋە قارىشىغا دىققەت قىلىڭ. ئېرىڭىز سىزدىن پەقەت خۇش - پۇراقنىڭ ھىدىنىلا پۇرىسۇن. ئۇنىڭ كۆزى سىزنىڭ ناچار تەرەپلىرىڭىزگە چۈشۈپ قالمىسۇن. ئۆي ئىچىدە كۆزىڭىز سۈرمىسىز بولمىسۇن، سۇ پۇراقنى يوقىتىدىغان ئەڭ ياخشى ئەتىردۇر.

بەشىنچى ۋە ئالتىنچىسى:

ئېرىڭىزنىڭ تاماق ۋاقتىغا دىققەت قىلىڭ. ئۇ ئۇخلىغاندا تىنچ مۇھىت ھازىرلاپ بېرىڭ. قاتتىق ئاچلىق يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت، ئۇيقۇسىزلىق غەزەبتۇر.

يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچىسى:

ئېرىڭىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ، ماللىرىنى ساقلاڭ، ئەرنىڭ مېلىنى ساقلاش ياخشى نەتىجىدۇر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ياخشى تەدبىردۇر.

توققۇزىنچى ۋە ئونىنچىسى:

ئېرىڭىزنىڭ سىرىنى يايماڭ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماڭ؛ ئەگەر ئېرىڭىزنىڭ سىرىنى سىرتقا يايسىڭىز، مەن ئۇنىڭ سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىدىن، ئەگەر سىز ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلسىڭىز، سىزگە غەزەپلىنىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئېرىڭىز خۇشال بولغاندا سىز قايغۇرماڭ، ئېرىڭىز قايغۇرغاندا سىز خۇشال بولماڭ. بىرىنچى ئىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ، ئىككىنچى ئىش ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.

***

ئى قىزىم! شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىڭىزنىڭ رازىلىقىدىن ئۈستۈن بىلىڭ، سىز ياخشى كۆرگەن ۋە ياقتۇرمىغان نەرسىلەردە ئۇنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ. اللّٰه سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن ۋە سىزنى قوغدىسۇن.

جان قىزىم! ئېرىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆز ئاتا - ئانىڭىزدەك ھۆرمەت قىلىڭ ۋە ئىمكانىيەت بولسىلا خىزمىتىنى قىلىشىڭ. ئېرىڭىز ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى دوستۇم دەپ ئېرىڭىزنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيگە باشلىماڭ. ئېرىڭىزنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىن باشقىلارغا بىر نەرسە بەرمەڭ. ئېرىڭىزنىڭ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتتا تولا گەپ قىلماڭ ۋە كوچىلاپ گەپ سورىماڭ. ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان ئايالغا لايىق كىيىنىڭ. ھايادىن نېسىۋىسى قالمىغان غەربلىك خوتۇنلارنى دورىماڭ. بۇ توغرىسىدا، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھنىڭ يېزىپ قالدۇرغان رىساللىرىنى ئوقۇپ، ئائىلىدىمۇ شۇ بويىچە كىيىنىشكە دىققەت قىلىڭ، بالكونغىمۇ ھىجابسىز چىقماڭ. قارشى بىنالاردىكى ئەرلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات

قىلىڭ. ئۆيىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىڭ. ئېرىڭىز ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە ئۆيىڭ قالايمىقان تۇرۇشى كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆيىڭىز داۋاملىق پاكىز، رەتلىك تۇرسۇن. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بىر ھەدىستە «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى» دېگەن. ئېرىڭىز ئۆيگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۆيلىرىڭىزنى پاكىز تازىلاپ، ئېرىڭىز ياقتۇرىدىغان ئەتىرلەردىن چېچىپ قويۇڭ. ھەرقانچە ئاچچىقىڭىز كەلسىمۇ ئېرىڭىزگە گەپ ياندۇرماڭ. دوستىڭىزمۇ ئېرىڭىز، سىرداشىڭىزمۇ ئېرىڭىز بولسۇن. چۈنكى ئائىلە كىشىنىڭ ھەقىقىي دوستى يوقىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ھازىرقى زاماندا تېخىمۇ شۇنداق. ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقا ئاياللارنىڭ ئېرىنى ماختاپ سالماڭ. چۈنكى بۇ قىلىقىڭىز ئېرىڭىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. ئېرىڭىزدىن ئۇنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى تەلەپ قىلماڭ. بۇ تەقۋا، ئەخلاقلىق مۇسۇلمان ئاياللىق ئىشى ئەمەس. قانائەتچان بولۇڭ. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى مەيلى ياخشى ياكى ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر خىل ھالەتنى ساقلاڭ. ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان ياخشى مۇئامىلىرىنى ۋە گۈزەل خۇلقلىرىنى دوستۇم دەپ باشقا ئاياللارغا ئېيتماڭ. يامان كۆز ۋە ھەسەت بەختلىك بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ئېرىڭىزغا بولغان قىزىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇڭ، سەھەر تۇرۇڭ، ھەرگىز ئېرىڭىزدىن كېيىن قوپماڭ. ئېرىڭىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز. جان قىزىم! يۈرەك پارەم! سىزنى الله قا تاپشۇردۇم. الله سىزنى قوغدىسۇن.

# ئۆزۈم پۇل ئەمەس، باراك پۇل

ئائىشە كىچىنىڭ ياقى دەرس تەكرارلاپ، كىتاب ئوقۇپ تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى. ئۇ چارچىغان بولۇپ، سىرتنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، روھىي ھالىتىنى تەڭشەش ئۈچۈن دېرىزىنى ئاچتى. بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، ئاسمان دېڭىزدەك كۆپكۆك رەڭگە كىرگەن، قۇياش ئالتۇندەك نۇرلىرىنى ئەتراپقا چېچىپ زېمىننى تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چارچاشلىرى ئاللىقاياقلارغا يوقالدى. ئۇ بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ياراتقان الله قا چىن ئىخلاس بىلەن ھەمدە ۋە شۈكۈر ئېيتتى. الله نىڭ مەرھەمىتىنىڭ شۇنچە كەڭرى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ ئېسىگە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى زۇلخۇمار كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بىر - بىرىنى يوقلىيالمىغان ئىدى. بۈگۈن ئائىشەنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ساۋاقدىشى بىلەن ئىمانلاشقۇسى ۋە پىكىرلەشكۈسى كەلدى. ساۋاقدىشىغا دەرھال تېلېفون قىلدى. بىرئازدىن كېيىن ساۋاقدىشى تېلېفوننى ئالدى. ئۇلار ئۆزئارا الله نىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈشكەندىن كېيىن، ئائىشە ئۆز مەقسىتىنى ساۋاقدىشىغا ئېيتتى. زۇلخۇمارمۇ ئائىشەنىڭ كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ خوشلاشتى.

ئائىشە ھىجابلىرىنى كىيىپ ئۆيىدىن تېزلا چىقتى. ئۇ ساۋاقدىشىنى سېغىنغان ئىدى. ئۇ بازاردىن زۇلخۇمار ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن ساۋاقدىشى ئىشىكنى تېزلا ئاچتى. ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

ـ بۇگۈن كۈن قايسى تەرەپتىن چىققاندۇ؟ ئەجەب يېنىمغا كېلىشنى ئويلاپ قاپسەنغۇ؟ ـ دېدى زۇلخۇمار.

ـ ئۇنداق دېمىگىن دوستۇم، ئوقۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. كېلەلمىگىنىم بىلەن سېنى ئەسلىمەيدىغان كۈنۈم يوق. سەن بارمىساڭمۇ، مەن اللە رىزالىقى ئۈچۈن يوقلاپ كەلدىمغۇ؟

ـ اللە رازى بولسۇن، جېنىم ئاداش. كەلگىنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم، ـ زۇلخۇمار خۇرسەنلىكىدە ئىلىكىدە شۇنداق دېگەچ، تېزلا دوستى ئۈچۈن داستىخان ھازىرلىدى.

ـ نېمە بۇنچىۋالا ئاۋارە بولغانسەن؟ بىز كونا ساۋاقداش ھەم يېقىن دوستلاردىن تۇرساق، ـ دېدى زۇلخۇمار ئائىشە ئەكەلگەن نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ.

ـ نېمە ئاۋارىچىلىق بولسۇن ئاداش، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «تَهَادُوْا تَحَابُّوا» «بىر - بىرىڭلارغا ھەدىيە بېرىشىڭلاركى، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولىسىلەر» دېگەن، مەن شۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم.

ـ اللە سەندىن رازى بولسۇن، ئەزىز دوستۇم. اللە قوبۇل قىلسۇن.

ـ امين!

ـ نېمە يېڭىلىق بار؟ ساڭا تازا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەي. ئۆزۈن بوپتۇ، ئىككىمىز بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگىلى، ـ دېدى زۇلخۇمار.

ـ شۇنى دېگىنە. مەنمۇ سېنىڭ تاماقلىرىڭنى شۇنداق سېغىندىم. ھازىر چۈشلۈك تاماققا خېلى ۋاقىت بار. شۇنىڭغىچە بىر ئاز پاراڭلىشۋالايلى.

ـ ماقۇل. شۇنداق قىلايلى.

ـ ئاداش، خېلىلا ھارغىن كۆرۈنىسەن، مەكتەپنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟

ـ ئۇنچىۋالا ئەمەس. بىراق بىرەر ھەپتىنىڭ ياقى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ ماتېرىيالالارغا كۆپ قاراپ، سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدەپ خېلىلا چارچاپ قالدىم. سېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا، ھارغىنلىقىم يوقاپلا كەتتى.

ـ نېمە ئىمتىھان ئۇ؟ ئىمتىھاننىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ بېشىڭ ئاغرىيتتىغۇ؟ ئەمدى قانداق بولۇپ بۇنچىۋالا تىرىشچان بولۇپ كەتتىڭ؟ ـ دېدى دوستىنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان ئائىشە.

ـ ۋاي ئاداش، بۇ ئادەتتىكى ئىمتىھان ئەمەس، مۇكاپاتلىق ئىمتىھان. ئىمتىھاندا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرگە 15 مىڭ لىرا بېرىلىدۇ. شۇڭا قاتتىق تىرىشتىم. بۇ جەرياندا بۇرۇن ئوقۇپ ئۇنتۇپ قالغان مەسىلىلەر ماڭا ئەسلەتمە بولدى.

ـ ئاداش، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ ئۇدۇللا دەۋېرەي! ئەجەبا سەن بۇ دىنىي كىتابلاردىكى سەرخىل مەزمۇنلارنى الله تعالى نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆگەنمەي، مۇكاپات ئۈچۈن تەكرار ئۆگەندىڭمۇ؟ نېمىشقا بۇ دۇنيانىڭ نەق مۇكاپاتى ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىمىز - يۇ، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرىغا بۇنچە كۆڭۈل بۆلمەيمىز؟ بىز ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا، غېرىب بولغان ئىسلام دىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش، سۈننەتنى تىرىلدۈرۈپ، دىنىمىزغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىمىز دېيىشكەنتۇققۇ؟ قېنى ئۇ مەقسەت - نىشانلىرىمىز؟ قېنى شۇ ۋاقىتتىكى شىجائىتىمىز؟

ـ سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى پەملىگەن ئىدىم. توغرا ئېيتىسەن، بىز مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ دىنىمىزنى خەلقىمىزگە توغرا ئۇسلۇبتا تارقاتماقچى بولغان

ئدۇق. چۈنكى، ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز يا ماتۇرىدىي، يا خاۋارىج ئەقىدىسىگە مۇپتىلا بولغانىكەن. ئەقىدىمىزدىكى بۇ خاتالىقنى چەتئەلگە ھىجرەت قىلىپ، بىلىم دىيارىغا بارغاندىن كېيىن، ئوقۇش جەريانىدا تونۇپ يەتتۇق. ۋەتەنگە بېرىپ، اللە رىزالىقى ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش ئارزۇيىمىز (تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ مىسلىسىز قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن) كۆپۈككە ئايلاندى. . . ئەمما، بىز چەتئەلدە دىنىي مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇق. دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دېگەن ئارزۇلىرىمىز قەلبلىرىمىزدە ئارزۇ - ئىستەك بولۇپ قالدى. سەن ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئىككىمىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەن گۇۋاھنامىلىرىمىز بولغاچقا دىنىي مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇق. ئىككىمىزنىڭ بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشقىنىمىز، بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق بولدى. مەكتەپ مۇدىرى ئايلىقىمىزنى تۆت مىڭ لىرا قىلىپ بېكىتتى. بىز شۇنچىلىك جۇشقۇن ھالەتتە خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. سەن مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي دىنىمىزغا بولغان مۇھەببىتىڭنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇرغۇپ - تېشىپ تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن مەكتەپنى ھەر تەرەپتىن يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە پىلان - لايىھەلىرىڭنى يېزىپ مەكتەپ مۇدىرىغا بەردىڭ. ئەمما، مۇدىر بۇ پىلانلارغا ئېرەنشىمىدى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس! سەن مەكتەپتە ھەق سۆزلىگىنىڭ ئۈچۈن، ئۆسمۈرلەرگە ئۆز پەرزەنتلىرىڭدەك كۆيۈنگىنىڭ ئۈچۈن، ھەتتا گاھى ئورۇنلاردا مۇدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىڭ ئۈچۈن، گەرچە سېنى ئوچۇق - ئاشكارا «ئىستېپا بېرىڭ» دېمىگەن بولسىمۇ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى. شۇ ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىككە قارىتا، قەلبىڭ ئۆرتىنىپ، ئۆكسۈپ يىغلىغانلىرىڭ ھازىرمۇ ئېسىمدە. مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭغا قاراپ بۈيۈك مەقسەت - نىشانلىرىمنى ئۆزگەرتتىم. كونىلار: «قارىغۇنىڭ شەھرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال. سۇنىڭ ئېقىشى،

تۆكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش قىل» دېگەن ئىكەن. ئائىشە، شۇنى ئۇنتۇپ قالما. مۇدىرلار نېمە دېسە ماقۇل دېسەڭ، قارشى پىكىردە بولمىساڭ، ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىسەڭ، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا توغرا بولسىمۇ، خاتا بولسىمۇ غىڭ قىلماي بويسۇنساڭ، ئاندىن خىزمىتىڭنى ساقلاپ قالالايسەن. ھازىر دىپلوم بولمىسا ھېچقانداق دىنىي مەكتەپ سېنى ئىشلەتمەيدۇ. قاراپ باقساڭچۇ، ۋەتەندە ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتتە ئوقۇپ چىققان نۇرغۇنلىغان ئۇستاز — ئالىملىرىمىز تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئۆزىگە لايىق بولمىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇلاردا ئىنىستىتۇتتا شەرئىي بىلىملەرنى ۋە قارىيلىقنى تاماملىغان گۇۋاھنامە بولمىغاچقا، بىز ئەزىزلەشكە ۋە قەدىرلەشكە ۋە ھۆرمەتلەشكە لايىق ئۇستازلار پۇل تېپىش ئۈچۈن، مىگىبىر جاپادا ئىشلەپ يۈرمەمدۇ؟ ھازىرچۇ قارا، «ئۆزۈم پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بىزنىڭ مۇدىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ «ماڭا نىسبەتەن، بىلىمسىز بولسىمۇ مەكتەپكە ئىزچىل كەلگەن كىشىلەر ئەۋزەلدۇر» دېدى. شۇڭا ئائىشە، ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشىنىشىڭ ۋە ئالدىن مۆلچەرلىشىڭ كېرەك، ـ زۇلخۇمار شۇلارنى دەپ بولۇپ ئېغىر بىرنى تىنىدى.

ـ سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ، زۇلخۇمار؟ ـ دېدى ئائىشە.

ـ ھەئە، تۈگىدى.

دوستىنىڭ سۆزلىرى ئائىشەنى بىئارام قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ـ زۇلخۇمار! سەن كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. ئەزىز ئاتا- ئانىلىرىمىز ۋە جان - جىگەر قېرىنداشلىرىمىز مىگىبىر جاپادا تاپقان - تەرگەنلىرىنى بىزگە بېرىپ يولغا سالغاندا، مۇشۇنداق بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلغانمىدى؟ ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي كاپىرلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدە قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە

ئىگراۋاتىدۇ. ئەگەر بىز سەن ئېيتقاندەك، جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرسەك، بىزنى شۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز ئۇچراۋاتقان قاتتىق - ۋەھشىي زۇلۇملاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھىجرەت نېمىتىنى بېرىپلا قالماستىن، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىگىلا ئاتا قىلىدىغان ئىلىم نېمىتىنى بەرگەن ﷲ قا قىيامەت كۈنى نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ بىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، ئۈمىدۋار ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئەزىز ئاتا - ئانىلىرىمىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ ئۇلارنىڭ بىزنى يولغا سالغان ۋاقىتلىرىدا كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، بىزنى ﷲ نىڭ يولىغا ئاتاپ، بىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ قىلغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟! مەن ھەرگىزمۇ، سەلەفلەر ئېيتقاندەك «ھەقنى سۆزلىمەيدىغان تىلسىز شەيتان» بولۇشنى خالىمايمەن. توغرا! ھەقنى سۆزلىگىنىڭ ئۈچۈن ھەيدىلىشىڭ، يامان كۆرۈلۈشۈڭ، پىتنىلەرگە قېلىشىڭ، ھېچ يەرگە پاتماسلىقىڭ مۇمكىن، ئەمما ھەقنى سۆزلىگۈچىنى ﷲ ياخشى كۆرىدۇ. مېھرىبان ﷲ نىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش مۇسۇلمان ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ كاتتا نېمەت ۋە تۈگىمەس بەختتۇر. ﷲ تعالى نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن، ئىنسانلار تەرىپىدىن ياقتۇرۇلماسلىق يەنىلا بەختتۇر. ھەق سۆزلىسەڭ، ماڭا ئوخشاش يالغۇز قېلىشىڭ مۇمكىن. ﷲ تعالى نىڭ ھەق سۆزلىگەن مۇئمىنلەر بىلەن بىرگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئايەتلىرى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ.

ـ ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ـ دېدى دوستىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان زۇلخۇمار.

ـ بىز قۇرئان قانۇن بولغان، سۈننەتلەر ئىجرا بولۇۋاتقان، ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات تەرزىدە ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ سۈننىتى بويىچە مۇسۇلمانلار سېپىدىكى تالانتلىق ۋە

قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن شارائىت ۋە مەيدان ھازىرلاپ بېرىۋاتقان، زېمىن ئۈستىدىكى الله نىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلىشىمىز كېرەك. ئۇ جاي يەر يۈزىدىكى پىتنىدىن خالىي بىردىنبىر ئورۇندۇر. شۇ ۋاقىتتا مىسكىن قەلبلىرىمىز ئارام تاپىدۇ. ئاتا - ئانىمىزغىمۇ يۈز كېلەلەيمىز .

# غېرىب كۆلبەم

فاتىمە ئەتىگەندە كۇتۇپخانىغا كىردى. ئىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. ئۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارغا قارىغىنىچە، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ «يا اللّٰه!» دەۋەتتى. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى يىغلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان مەرۋايىتتەك ياشلار ئۆز بەتلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. فاتىمە كىتاب ئىشكاپلىرىغا رەتلىك تىزىلغان كىتابلارغا قاراپ:

ـ سىلەرگە نېمە بولدى؟ يىغلاپسىلەرغۇ؟ ـ دېيىشىگە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، دوكتور ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدىن تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيىندۇر» دېگەن كىتابى ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ سىز بىزنى اللّٰه نىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا ئىلىمخۇمار ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە مىڭبىر جاپادا، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئەكەلدۇردىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى خالىس دىن چاكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاددىي، ئازادە بىر كۇتۇپخانىنى قۇرۇپ چىقتىڭىز. سىز بۇلارنى ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئىلىم ئېلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، بىلىم سەۋىيەلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇممەتنىڭ بۆشۈكلىرىنى تەۋرىتىدىغان دىيانەتلىك، ھايالىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، تەدبىرلىك، ئەقىللىق، جۇملىدىن:

- ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد سانىينىڭ ئايالى، سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ ئانىسى بولغان بىزەم ئالىمدەك؛

- 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دەمەشقتە ياشىغان، ئىلىم - پەزىلەت، دىيانەت ۋە پاساھەتلىك ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان، خەلق ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلۈك، ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەز - نۇتۇقلىرىغا قاراپ «بۇلبۇل» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىغان باغداتلىق خەدىچە بىنتى قەييۇمدەك؛
- ئىلمىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شەيخلەردىن بىرى بولغان مىسىردىكى ئەلى ئىبنى مۇختار كەبى ئالىمنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەدىب ۋە ناتىقلىقتا يېتىشكەن ھاجەر بىنتى قازى ئالائىددىنىدەك؛
- خەتىب دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان قازى ئالائىددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قىزى، مەشھۇر مۇھەددىس، ھاجەر ئائىشە بىنتى مۇھەممەددەك (ئىبنى ئابدۇلھادىي كەبى ھەدىس ئۆلىمالىرىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەن مەشھۇر مۇھەددىس ئالىم ئىمام سۇيۇتى ھاجەرنى ئۆزىگە دەرس بەرگەن ئۇستازلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان)؛
- ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مەئمۇننىڭ قىزى، پاساھەتلىك شېئىر ۋە قەسىدىلىرى بىلەن تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن خەدىچە بىنتى مەئمۇندەك؛
- شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن مەشھۇر دىنىي تەتقىقاتچى مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ قىزى نەزىرە مۇھەممەدتەك . . .

ئاياللار ئۇچۇن ئۆرنەك بولغان، ئىسلام تارىخىدىكى يول كۆرسەتكۈچ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئايال ۋە قىزلارنىڭ ھەر ساھەدە يېتىشىپ چىقىشىنى

ئۈمىد قىلىپ، بىزلەرنى بۇ كىتاب ئىشكاپلىرىغا تىزغان ئىدىڭىز. ئەپسۇس ! مىڭ ئەپسۇس ! بىزلەرنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇيدىغان ئادەم يوق توپا بېسىپ كەتتى. بىزلەرنى شۈنچىلىك غېرىبلىق باستى. بۇ زاماندا قەدىر - قىممىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قەلبلىرىمىز ئۆرتەندى. ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزغا لېرىنىڭ ۋە ئورفىلەنىنىڭ ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرىنى تىزغان بولسىڭىز، بۇ ئىشكاپتا ھېچنەرسە قالمىغان بولاتتى.

ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزغا خوتەننىڭ ئەتلەسلىرىنى، دۇبەيىنىڭ ۋە تۈركىيەنىڭ مودا كىيىملىرىنى تىزغان بولسىڭىز، بۇ كۆلبەڭىز غېرىب ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ كۇتۇپخانا لىق ئادەملەرگە توشۇپ كېتەتتى.

فاتىمە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق بىئارام بولۇپ، كۆزلىرىدىكى ياشلارنى يوشۇرالماي قالدى. ئارقىدىن ئۇ كىتاب ئىشكاپىغا رەتلىك تىزىلغان كىتابلارغا قاراپ قەتئىيلىك بىلەن:

ــ مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن ۋە سۆيىمەن. سىلەر مېنىڭ ھاياتىم، بىلىق سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمىغاندەك مەنمۇ سىلەرسىز ياشىيالمايمەن. سىلەر مېنىڭ سىرداشىم، دوستۇم، دەردلىرىمنى خۇرسەنلىككە ئايلاندۇرىدىغان ئەڭگۈشتەرلىرىم. سىلەر ئۈچۈن دەردلەندىم، سىلەر ئۈچۈن يەكلەندىم، سىلەر ئۈچۈن پىتنىگە قالدىم. ئەي ئەزىز قەدىردانلىرىم! سىلەر ھەرگىز خۇرسىنماڭلار. الله خالىسا سىلەرنى قەدىرلەپ ۋە سۆيۈپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى رەببىم ئۆز پەزلى بىلەن چىقىرىپ بەرگۈسى.

# ئاياللارنى قەدىرلەيلى

ئايالالار ئىززەتلىنىشكە، ھۆرمەتلىنىشكە، قوغداشقا، ئاسراشقا، ياخشى كۆرۈشكە، كۆيۈنۈشكە، سەممىي مۇئامىلە قىلىشقا. . . . قىسقىسى تېگىشلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا لايىق، ئائىلىنى ۋە جەمئىيەتنى گۈللەندۈرىدىغان ئىنسانىيەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزلىرىدەك ئەتراپىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراغتۇر. ئايالنىڭ قەلبى نازۇكلۇقتا يالتىراپ تۇرغان جانان چىنىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ جانان چىنىگە دەز كېتىپ قالسا، بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى پاقىراپ تۇرغان چىرايلىق ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئەينەككە داغ چۈشۈپ قالمىسۇن. ئايالالارنىڭ ئىنچىكە ھېسسىياتلىرى زەربىگە ئۇچرىمىسۇن. ئايالالارنى قەلبلىرىمىزدىن سۆيەيلى ۋە چۈشىنەيلى. بىز ئايالالاردىن ئىللىقلىق كۈتكەندەك، ئۇلارغىمۇ مېھرى - مۇھەببەت ئاتا قىلايلى. چۈنكى ئۇلار ئائىلىنىڭ ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئۇللىرى، بىنانىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولمىسا بىنا ئاسانلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئايالالار ئومۇمىيۈزلۈك مېھرى - مۇھەببەتكە موھتاج. ئەر بولغۇچى ئايالىغا مېھرى - مۇھەببىتىنى بەرسە، ئانا مېھرى - مۇھەببىتىنى كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان پەرزەنتلىرىگە بېرىدۇ. چۈنكى ئايال ئەرگە كۈچ ۋە شىجائەت بېغىشلايدۇ.

ئەگەر بىز مۇھەممەد ئۈممىتى بولساق، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەقىدىلىك، ئەخلاقلىق، ساپالىق، جاسارەتلىك، ئۈممەتنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇپ تەربىيەلىنىشىنى ئۈمىد قىلساق، ئايالالىرىمىزنى سودا بازارلىرىغا ئەمەس، ئىلىم سورۇنلىرىغا بېرىپ ئىلىم ئېلىشقا ئادەتلەندۈرەيلى، ئىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇرايلى، ئۇلارغا شارائىت ھازىرلاپ بېرەيلى، ياردەم بېرەيلى، چۈنكى بىز ئەھلىمىزدىن سورىلىمىز. ھەممىمىز

بىشىمىزنى كۆتۈرۈپ تارىخنىڭ نۇرلۇق ئاسمىنىغا قاراپ باقايلى. ئاسمىنىمىزدا قىز - ئاياللارنىڭ يۇلتۇزى خىرەلىشىپ قالدى. ئەدەپ بوستانىنىڭ زىبا غۇنچىلىرى، ئائىلە گۈلىستانىنىڭ مېھرىلىك پەرۋىشكارلىرى سولۇشقا باشلىدى. ئاياللىرىمىزنىڭ پەقەتلا بالا تۇغىدىغان زاۋۇت ياكى بالىلارنىڭ قوسىقىنى تويغۇزىدىغان ئاشپەز ۋە بالىلارغا كىيىم تىكىپ بېرىدىغان تىككۈچى تېپىدىكى ئانىلا بولماستىن، بەلكى رەبباني ئالىملارنى، مۇجاھىد قوماندانلارنى، جەڭ ئايروپىلانلىرىنى ۋە تانكىلارنى ھەيدىيەلەيدىغان ھەربىيلەرنى، زامانىۋى قوراللارنى كەشىپ قىلالايدىغان تەتقىقاتچىلارنى، قۇرئان - سۈننەتنىڭ تەلەپ — تەقەززاسى بويىچە يېتىشىپ چىققان سىياسىيونلارنى تەربىيەلەپ چىقالايدىغان ئانا بولۇپ چىقىشىغا كۆچ چىقىرايلى!

# مەشئەللەر

پۈتۈن گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى اللّٰه قا خاستۇر. بىز اللّٰه نى ئەڭ گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيلەيمىز، اللّٰه تىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، اللّٰه تىن مەغفىرەت تىلەيمىز، اللّٰه قا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز، اللّٰه ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، اللّٰه ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. مەن شېرىكى يوق يەككە - يېگانە اللّٰه تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مەن مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ اللّٰه نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، اللّٰه نىڭ ماختاش = تەرىپلىشى مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەرگە بولسۇن ۋە ئۇلارغا اللّٰه نىڭ كۆپلىگەن سالاملىرى بولسۇن.

ئىنسانلار مەشئەلنى تۈن قاراڭغۇلىرىدا يوللىرىنى يورۇتۇپ، يەتمەكچى بولغان مەنزىللىرىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مەشئەل ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنى تاغ ۋە ئويمانلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردىن، تۈز، داغدام يوللارغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ قولىدا مەشئەل بولمىسا، ئۇلار يولدىن ئادىشىپ، ئۆزلىرى مەقسەت قىلغان مەنزىلگە يېتەلمەي تېڭىرقاپ، گاڭگىراپ يۈرۈشى مۇمكىن، خۇددى مۇسا صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ قەۋمى تىھ چۆلىدە قىرىق يىل تېڭىرقاپ يۈرگەندەك.

ھازىر يوللار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتكەن، ئىنسانلار قايسى يول ئارقىلىق ئۆزلىرى مەقسەت قىلغان نۇرلۇق مەنزىلگاھلىرىغا يېتىشنى

بىلەلمەي چارچىغان بىر دەۋردە، ئىنسانلارنى توغرا، داغدام يولغا باشلاپ، مەنزىللىرىگە يەتكۈزۈشتە مەشئەلنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ.

ئەقىدىسى توغرا، نىيىتى سۈزۈك، ساپ ۋە ئىخلاسمەن رەببانىي ئالىم ۋە ئۇستازلار ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەشئەلدۇر. ئىنسانلار بۇ مەشئەللەرنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ قويماستىن، قوغدىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى قارا نىيەتلىك دىن دۈشمەنلىرى ھەرخىل ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئارقىلىق بۇ مەشئەللەرنىڭ نۇرىنى خىرەلەشتۈرۈشى، ئۆچۈرۈۋېتىشى، ھەتتا ئۇنى سۇندۇرۇپ تاشلىشى مۇمكىن. ئالىملار الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن قاتتىق قورقىدىغان كىشىلەردۇر. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: {الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ} [سۈرە فاتىر 28 - ئايەت. ]

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ بىلدۈرگىنىدەك، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار الله نىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «فَضْلُ الْعَالِمِ عَلَى الْعَابِدِ كَفَضْلِي عَلَى أَدْنَاكُمْ» «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئۈستۈنلۈكى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىڭلاردىن ئۈستۈن بولغىنىمغا ئوخشايدۇ. » [مشكات 213 - ھەدىس، ھەسەن]

ئالىملار الله نىڭ دوستلىرىدۇر. ئۇلار الله ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، الله ياقتۇرغان نەرسىلەرنى ياقتۇرىدۇ. الله يامان كۆرگەن كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ، الله ئۆچ كۆرگەن نەرسىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇلار تىنىم تاپماستىن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىش، دەۋەت قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان مۇنەۋۋەر كىشىلەردۇر. ئۇلار مۇھەممەد ئۇممىتىنىڭ قەلبلىرىدىكى كېسەللەرنى داۋالايدىغان دوختۇرلار،

ئۇلارغا توغرا مەنھەجنى كۆرستىپ بېرىدىغان يول بەلگىلىرىدۇر. يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرگە، توغرا يولنى كۆرستىپ بېرىدىغان كومپاسلاردۇر. ئەگەر شۇ ئالىملار سەلەف سالىھلارنىڭ ئەقىدىسىدە بولۇپ، نەزەرىيەچى ئەمەس، ئەمەلىيەتچى بولسا، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ۋائىز ئەمەس، سۆزلىگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ئىخلاسمەن، سەممىي، رەببانىي ئالىملار بولسا، شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابقا ئوخشاش تەۋھىدى سۆزلۈك، ھەقتە سابىت تۇرىدىغان ئالىملارنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالغان بولسا، بىز بۇ خىل ئالىملارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىشىمىز، ئۇلارنى ئاسرىشىمىز، ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇشىمىز، ئۇلارنى يالغۇز قويماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پىتنە تارقاتماسلىقىمىز، ئۇلارنى يەكلىمەسلىكىمىز، مەسخىرە قىلماسلىقىمىز، ھەقنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن «ھېكمەتسىز» دەپ ئەيىبلىمەسلىكىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. ئەگەر دۇنيا - ئاخىرەتتە نىجادلىققا ۋە غەلىبىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلساق، تارىخ سەھىپىلىرىمىزدىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ھەرقانداق دىنسىز كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئالدى بىلەن ئالىملارنى ۋە خەلقنىڭ يېتەكچىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، نادان خەلقنى يولباشچىسىز قويىدۇ.

بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، ياڭ زېڭشىننىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» قاتارلىق قول يازمىلىرىدا: « خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىندۇر. شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ بىلىم ئۆگەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. خەلق بىلىملىك بولسا، دۆلەتنى باشقۇرۇش تەسكە توختايدۇ. مەن نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىز بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن» دېگەن.

بۇ كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىياردا مۇسۇلمانلارنى خۇنۇكلەشتۇرۇش، دۆتلەشتۇرۇش، بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان تاكتىكىسىدۇر. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئالىملىرىمىزنىڭ قەدىرىگە يەتمىدۇق. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتتۇق. تورلاردا ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھۇجۇم قىلدۇق. ئۇستازلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «يەتمىش تەڭگە ئۈچۈن سېتىلغان» ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھىندىستانلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملاردىن بىرى، ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان ھالدا: «بۇ مىللەت مەڭگۈ خارلىق ئىچىدە ئۆتكۈدەك» دېگەنىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام تارىخىنى ئەسلەپ باقايلى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولغان ئالىملارنى ئۆلتۈرگەن مىللەتنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان؟ بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەي، يەنە ئاشۇ ناچار ئىللەتلىرىمىز بىلەن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەلىبىسىدىن ئېغىز ئېچىش قىيىنغا توختايدۇ. بىز شۇ ھەقىقەتنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالىملىرىمىزنى ھەرخىل ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن قارىلاپ تۈرمىگە تاشلاپ، ئۇنىڭغىمۇ بولدى قىلماستىن، چېگرالارنى ئېچۋېتىش ئارقىلىق، ئالىم- ئۇستازلارنى ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن ئومۇمىيۈزلۈك ھەيدىدى. بىر توخۇمۇ ئۆتەلمەيدىغان چېگرالاردىن نەچچە يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ توپ - توپ مېڭىشلىرىمىز توغرىسىدا كۆپىنچىمىز ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ باقمىدۇق. ئاندىن، پاسپورتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق قېپقالغان ئالىم ۋە ئۇستازلىرىمىزنى ۋە ھەر ساھەدىكى تالانتلىق زىيالىيلارنىمۇ ئانا ۋەتەندىن ئايرىدى.

گۈزەل قەشقەر كەم دېگەندە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆتمۈشتە ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىلىم بۇلاقلىرى بىلەن تولغان ماكان ئىدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى چاڭقىغان قەلبلىرىنى ئۇشبۇ ئىلىم بۇلاقلىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئارقىلىق قاندۇرغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيەلىك ھون لېكوك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان قەدىمىي، گۈزەل قەشقەر شەھرىگە كېلىپ: «ياخشى مەكتەپ بولغان بولسا، تۈغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۇچقاندەك ئالغا باسار ئىكەن» دېگەن. دېمەك، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى جاسارەتلىك، غەيرەتلىك، چىدامچان، تىرىشچان، ئىلىمخۇمار، پىداكار، مېھماندوست، ئەدەپ - قائىدىلىك، ئىسلام دىنىنى قەلبىدىن سۆيىدىغان خەلقتۇرمىز. ئەمما، بىز نېمە ئۈچۈن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق خەلقلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكىلىرى كاپىرلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرىغا قارشى بىرلىشەلمىدۇق؟ ئادەمسىز قالغان كوچىلارنى بۇرۇنقى ھالەتلىرىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كۈچىمىزنى نېمىشقا بىريەرگە توپلىيالمىدۇق؟ قاتتىق قىرغىنچىلىقتىن ئىگراۋاتقان شۇ ئەزىز تۈپراققا نېمىشقا تەسەللى بېرەلمىدۇق؟ زېمىن بايلىقلىرىمىزنى ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بۇلاۋاتقان قاراقچىلارغا نېمە ئۈچۈن تەڭ قارشى تۇرالمىدۇق؟ دېمەك، بىز مەسئۇلىنى قەدىرلەپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە، مەسئۇلگە بىرلا ۋاقىتتا، بىرخىل ھالەتتە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، مەسئۇلنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ماڭالمىدۇق. الله بىزگە بەرگەن شۇ نۇرلۇق مەسئۇلنى قوللىرىمىزدا چىڭ تۇتالمىدۇق. مەسئۇلنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلىرىنى

ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلساق قىلدۇقكى، ئوتىنىڭ تېخىمۇ كۆچىيىپ شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىنى يورۇتۇشىغا بىرلىكتە كۈچ چىقىرالمىدۇق.

# ئىززەتلىك هايات

بۈگۈن هاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، ئاسمان دېڭىز سۈيىدەك كۆپكۆك، ئۇيەر - بۇيەردە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئاسمانغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى. ئەتراپ ياپيېشىل مېۋە دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، قۇشلارنىڭ دەرەخلەرگە قونۇپ ئۇ شاختىن بۇ شاخقا ئۇچۇپ يۈرۈپ، شوخلۇق بىلەن سايراشلىرى ئەتراپنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى.

پاھ. . . . ! بۇ نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە ھە؟! مۇشۇ گۈزەللىكنى ياراتقان رەببىمگە چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇن.

قۇشلارنىڭ ھەرخىل سايراشلىرى قۇلىقىمغا «الله، الله» دەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. بۇ ۋاقىتتا كۆپىنچە ئىنسانلار شېرىن ئۇيقۇدا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا، مەن بۈگۈن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. بۇ خۇشاللىقىمغا سەھەر ۋاقتىدىكى گۈزەللىكلەر قوشۇلۇپ قەلبىمنى يايرىتىۋەتكەن ئىدى.

مەن بۈگۈن قىزلار مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىدلىبتىكى باغچىغا بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتىم. كۆڭلۈم ئازادە، قەلبىمدە دەرد — خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بىز جامائىتىمىزنىڭ يۇقىرى ئورگانلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ رۇخستى بىلەن ۋە مەھەللە رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سائەت سەككىز يېرىمدا مەھەللە ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان مۇجاھىد قېرىندىشىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلدۇق. قىزلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتىقا رىئايە قىلىپ دەل ۋاقتىدا كەلگەنىدى. ماشىنا دېيىشكەن سائەتتە قوزغالدى، ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى.

ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە سەيلىگە چىقىش بۇ مەدرىسە قىزلىرىنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ماشىنا تېز كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنى ئۇچىسىغا

مۇجاھىدلارنىڭ جىھادىي فورمىسىنى كىيىۋالغان ئۇستام ھەيدەۋاتاتتى. ھەممىمىز يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە ياپيېشىللىقى بىلەن ئەتراپنى تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەن مەنزىرىلەرگە تويماستىن قاراپ كېتىۋاتاتتۇق.

الله يەر شارىنى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەرشارىدا ياشايدىغان مەخلۇقاتلار ئالەمنى، كۆپلىگەن دۆلەت، شەھەر ۋە ئىنسانلارنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلەر ئىچىدىن خاس شەھەرلەرنى ۋە ئىنسانلار ئىچىدىن خاس ئىنسانلارنى تاللىغان. شەھەرلەر ئىچىدە ئۇلۇغ شەھەر قىلىپ، مەككە، مەدىنە ۋە شام دىيارلىرىنى تاللىغان. ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىرىنى تاللىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنى شام دىيارىدىن چىقارغان. مەھشەر زېمىنى ۋە ئىيسا عَلَيْهِ السَّلَام چۈشىدىغان زېمىنلار يەنىلا شام زېمىندۇر. سەھىھ ھەدىسكە ئاساسەن ئىيسا عَلَيْهِ السَّلَام دەمەشقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاق مۇنارغا يېقىن ئورۇنغا چۈشىدۇ. شامغا خۇش بېشارەت بولسۇنكى، رەھمان تعالى نىڭ مالائىكىلىرى قانىتىنى يايغاندۇر. شام دىيارى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە الله مۇبارەك قىلغان زېمىندۇر، شام بىر زامانلاردا ئىسلامىي سەلتەنەتنىڭ پايتەختى بولغان. شام كۆپلىگەن ساھابىلەر ۋە ئالىملار دەپنە قىلىنغان مۇبارەك دىياردۇر. يەنە كېلىپ شام جىھاد بايراقلىرى ۋە ئىلىم بايراقلىرى لەپىلدىگەن ھەمدە خىرىستىيانلار ۋە ئەھلىسەلىبلەرنىڭ سۇيقەستلىرى بىتچىت بولغان دىياردۇر.

ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا، شامنى زىكىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم ۋە پەزىلەت زىكىر قىلىنسا، پەيغەمبەرلەر زېمىنى بولغان شامنى ئەسلىمەي مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق دىيارنى زىيارەت قىلماستىن شامغا

بارغان. ئاخىر زاماندا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ بايراقلىرى لەپىلدەيدىغان يەر شامدۇر. ئۆز زامانىسىدا دەمەشىق ئەڭ مەدەنىيەتلىك زېمىن ئىدى.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ: « ئى الله بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى الله! بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دېگەن دۇئاسىنى ئۇنۇتماستىن، دەرھال دىللىرى شامغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇ يەردە جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرگەنىدى. ئىمان ئاۋانگارتلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەن، ئەمرى ئىبنى ئاس، يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان، قەسقائە ئىبنى ئەمرى، زىرار ئىبنى ئەزۇر ۋە ئۇلاردىن باشقا مىڭدىن ئارتۇق ساھابە بىرگە بولۇپ، بەدرىگە قاتناشقان ساھابىلەردىن يۈزدىن ئارتۇق ساھابە بار ئىدى. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شامنى تاللاپ، ئۇنى ساھابىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان. شام شۇ ۋەسىيەتتىن كېيىن ئىسلام پايتەختى بولغان. شامدىن دۇنياغا ئىلىم ۋە ئادالەت نۇرى چېچىلغان. ئەركىنلىك، قوشنىدارچىلىق ۋە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتەك خىسلەتلەر ئومۇملاشقان. ئىنسانلار تىنچ - ئامان، ئەركىن ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرگەن. شامغا ئادالەتنىڭ بەرىكىتى ياققان. كىشىلەرنىڭ رىزقى كۆپ بولۇپ، باياشاتلىق ئومۇملاشقان.

بىزنى قوغداپ بىللە بارغان مەھەللە مەسئۇلىنىڭ «ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، باغچىغا كەلدۇق!» دېگەن سۆزى مېنى شېرىن خىياللىرىمدىن ئويغاتتى. ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ باغچىغا كىردۇق. قىزلار باغچىنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرە ۋە ئويۇنچۇقلارنى كۆرۈپ، شۇنداق خۇرسەن بولۇپ كەتتى. بىز ئەڭ ئاۋۋال ھايۋانات باغچىسىغا كىردۇق، ماشا الله، باغچىنىڭ ئىچىدە ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ تۈرلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى.

ھەممىمىز بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدۇق. كىچىك قىزلار خۇش بولغىنىدىن سەكرەپ كېتىۋاتاتتى. الحمد لله، توزلاردىن بىرى بىزنىڭ باغچىغا كىرگىنىمىزنى تەبرىكلىگەندەك قاناتلىرىنى ئېچىپ، شوخلۇق بىلەن بىزلەرگە گۈزەل قاناتلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. چۈشكىچە قىزلار باغچىنىڭ ئىچىدىكى ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسىگە چىقىپ ئوينىدى. بىز ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، ئېلىپ كەلگەن تاماقلىرىمىزنى مەززە قىلىپ يېيىشتۇق. پېشىنغا ئەزان چىقتى. ھەممىمىز شۇ ئەتراپتىكى چوڭ بىر مەسجىدكە ناماز ئوقۇغىلى ماڭدۇق، قىزلار قۇرئان - سۈننەتكە ئۇيغۇن كامىل ھىجابلانغان بولۇپ، بىز ھەممىمىز قاتار بولۇپ يولنىڭ بىر چېتىدىن مېڭىۋاتاتتۇق، بىز بىلەن بىرگە بارغان ئۈچ نەپەر مۇجاھىد قېرىنداشىمىزنىڭ بىرسى ئالدىدا ئىككىسى كەينىمىزدە قوراللىرىنى ئاسقان ھالەتتە بىزنى قوغداپ مېڭىۋاتاتتى. . . بۇ نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش، نېمە دېگەن كاتتا ئىززەت ھە! ئىززەت ماكانى بولغان شامدىكى بۇ ئىززەت، بۇ ھۆرمەتنى كۆرۈپ قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز نەملەندى.

بىز مەسجىدكە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كىرگەندە، مەسجىدنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئەرەب ئايال ئۇستاز ئەرەب قىزلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئىكەن. بىز نامازلىرىمىزنى ئوقۇپ قايتىپ چىقىپ، باغچىنى ئازراق ئايلانغاندىن كېيىن قايتتۇق. قىزلار شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. بۇ ھايالىق، ئەخلاقلىق، شەرىئەتكە لايىق ھىجابلانغان قىزلار باغچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە پائالىيەت قىلغانىدى. بىز چۈشتىن بۇرۇن بارغاچقا باغچىنىڭ ئىچىدە ئادەم ئاز ئىدى. چىرايلىق ئورانغان ئاز ساندىكى ئەرەب قىزلىرىدىن باشقا ھېچقانچە ئادەم يوق ئىدى.

قۇرئان قانۇن بولغان دىياردا ياشاشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نە قەدەر زور بەخت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، باشقا جايلاردا ياشاۋاتقان، ئەتىدىن

كەچكىچە قىز - ئوغۇللىرىدىن ئەنسىرەش بىلەن ئۆتتۈۋاتقان ئاشۇ بىچارە ئاتا - ئانىلارغا ھېسداشلىق ئىلكىدە شۇنداق ىندا قىلغۇم كەلدى: ئى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىر ئاتا - ئانىلار! سىلەر پەرزەنتىڭلاردىن خاتىرجەممۇ؟ ئەجەبا سىلەر شۇ يۈرەك پارىلىرىڭلارنىڭ دۇنيا — ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغان بىر ھاياتتا، خاتىرجەم ھالدا، ساغلام ئەقىدە، مۇستەھكەم ئىمان، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خالىمامسىلەر؟ ئى ئەزىز شەرقىي تۈركىستانلىق ئاتا - ئانىلار ئىززەت ماكانىغا كېلىپ، پەرزەنتتىن ئىبارەت زور ئامانەتنى ياخشى قوغداشقا تىرىشىڭلار، چۈنكى سىلەر قىيامەت كۈنى پەرزەنتلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر.

مىلادى 25/05/2022

ھىجرىيە 1443 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 24- كۈنى كەچ.

# مۇستەھكەم بىنا

پۈتۈن گۈزەل ماختاشلار اللە قا بولسۇن، بىز اللە نى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ماختايمىز، اللە تىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، اللە تىن مەغفىرەت تىلەيمىز، اللە قا چىڭ قەلبىمىزدىن سېغىنىپ، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر. مەن شېرىكى بولمىغان يەككە -يېگانە اللە تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە نىڭ ماختاش -تەرىپلىشى مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە، ئۇنىڭ ئائىلە -تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەرگە بولسۇن، ئۇلارغا يەنە اللە نىڭ كۆپلىگەن سالاملىرى بولسۇن.

مۇستەھكەم، كۆركەم، گۈزەل بىنالار كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇ بىنانىڭ باھاسى شۇنچە قىممەت بولسىمۇ نۇرغۇن ئىنسانلار ئۇلارنى سېتىۋېلىشىدۇ. سېتىۋېلىشقا ئىقتىسادى يېتىشمىگەنلەر قەرز ئېلىپ بولسىمۇ سېتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ ياكى شۇ بىنالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، بىناغا قاراپ خۇرسىنىدۇ. ھېچ بولمىسا قىممەت باھادا ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇش ئارقىلىق بولسىمۇ، بۇ بىنالاردا ئولتۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىنسانلار بۇ گۈزەل ۋە مۇستەھكەم بىنالارغا قاراپ، بۇ بىنانى لايىھەلىگەن ئىنژېنېر ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ مىمارلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ماختىشىدۇ.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇئمىنلەرنى يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن مۇستەھكەم بىناغا ئوخشىتىپ: «الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا» «مۇئمىن مۇئمىن ئۇچۇن، ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان ئىمارەتكە ئوخشايدۇ» دېگەن [سۈنەن تىرمىزى 1928 - ھەدىس، سەھىھ]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ئىسلام ئالىملىرى «مۇئمىنلەرنىڭ بىر - بىرىنى اللە رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ۋە ياردەملىشىشى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوللىشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ شەرھلىگەن.

ئادەتتىكى بىنانىڭ مۇستەھكەم، كۆركەم، جەلىپ قىلارلىق بولۇپ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن، ئىنژېنېر ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشىدىن سىرت، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتى ياخشى، يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنغان يەردە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىناغا ئوخشاتقان مۇئمىنلەر اللە ئۈچۈن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى، اللە يولىدا دوستلىشىشى، قېرىنداشلىرىغا سەممىي، ۋاپادار بولۇشى، بەلكى قېرىنداشلىرىنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئەلا، ئۈستۈن بىلىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى تولىمۇ مۇھىم.

ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى قوللىشى، دەلىللىسىز ھالدا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، بىر ئىنسان ھەممىنى بىلىپ بولالمايدۇ. خۇددى بىنانىڭ سىخىملىرىنى لايىھەلىگەن ئىنژېنېرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى قىلغان ئىشنى قىلالمىغىنىدەك، ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكلىرى، قابىلىيىتى ۋە تالانتى بولىدۇ. ئەگەر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا تىجارەتچى ئارىلاشسا ياكى دوختۇرنىڭ ئىشىغا، بۇ كەسىپتىن خەۋىرى يوق بىرسى ئارىلاشسا، ئىشنى پۈتۈنلەي

بۇزۇپ، ئىنسان ئويلىمىغان ئىغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. مۇجاھىدلار بىرەر قېتىممۇ ئەمەلىي جەڭگە قاتنىشىپ باقمىغان بىر ئىنساننىڭ پىلانلىرى بويىچە جەڭگە كىرىپ قالسا، ئۇ جەڭدە مەغلۇبىيەت كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا بىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئېيتقاندەك، مۇستەھكەم بىر بىنا بولۇپ شەكىللىنىش ئارقىلىق الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئوت ئاچىمىز دەيدىكەنمىز، ۋەھشىيلەرچە قىلىنغان زۇلۇم تۆپەيلىدىن ئىڭراشقىمۇ ھالى قالمىغان مەزلۇم خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قىيامەت كۈندىكى ھېسابىمىزنىڭ ئاسان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، نەپسىمىزنىڭ قۇلى بولماستىن، ھۆكۈمرانى بولايلى! نەپسىمىزنى كونترول قىلايلى! ھەر كۈنى نەپسىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرايلى! نەپسىمىزنى ماختاشقا ئەمەس، تەنقىدكىمۇ كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ سالىھ پېشىۋالىرىمىزنىڭ يولىدۇر.

ھەسەن ئەلبەسرى رەھىمەھۇللاھ الله تعالى نىڭ: {ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى. . . } دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن داۋاملىق: ‹بۇنى نېمىشقا دېدىم؟ بۇنى نېمىشقا يېدىم؟ بۇنى نېمىشقا كۆڭلۈمگە پۈكتۈم؟» دەپ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەپ تۇرىدۇ، ئەمما، پاسىق، نەپسى بىلەن ھېسابلاشماي مېڭىۋېرىدۇ. »

بىزمۇ سەلەف سالىھلارغا ئوخشاش ئۆزىمىزدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىپ تۇرغىنىمىزدا، ئۆز يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرەلەيمىز - دە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئېيتقاندەك مۇستەھكەم بىر بىنا بولۇپ، سەپ‍ىرىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك سۈپىتى ياخشى، قۇرۇلمىلىرى مۇستەھكەم بىر بىناغا ئايلىنىش ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ قابىلىيىتىمىزگە يارىشا كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سەپەر ئۇزۇن، جاپالىق، بۇ

سەپەرنى الله رازى بولغۇدەك دەرىجىدە داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن، توغرا ئەقىدە، مۇستەھكەم ئىرادە، تەقلىدچىلىكتىن يىراق ئىمان بولۇشى كېرەك. بىز بۇ سەپەردە قەدەمنى خاتا بېسىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن فەقىھلەرگە، سەپەر ئۈستىدە كاپىرلارنىڭ تۈيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزنى جېنى بىلەن قوغدايدىغان الله نىڭ ئەسكەرلىرىگە، سەپەر ئۈستىدە يارىلانغانلارنى داۋالايدىغان دوختۇرلارغا، سەپەردە چارچاپ قالغانلارنى، ئۆزىنىڭ گۈزەل قىرائەتلىرى بىلەن جانلاندۇرىدىغان قارىيلارغا، سەپەر ئۈستىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەسلىمە قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، قەلىمى كۈچلۈك قېرىنداشلىرىمىزغا تولىمۇ موھتاجمىز. ھەر ساھەدىكىلەر ئۆز كۈچلىرىنى ئايىمىغاندا ۋە الله تعالى نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى {ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) دىنىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار، (يەنى سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار} دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ۋە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان ۋاقتىمىزدا، بىز ئاندىن مۇستەھكەم بىر بىنا بولۇپ چىقالايمىز.

الله تعالى نىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىنى ئىنساپ بىلەن ئەسلەپ باقايلى! الله بىزگە سان - ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى. بىز خار ئىدۇق، ئەزىز قىلدى. كوممۇنىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مەزلۇم ئىدۇق، قۇرئاننىڭ سايىسىدە بەختكە ئېرىشتۇق. بىر قولىمىزدا قۇرئاننى، بىر قولىمىزدا يىللاردىن بېرى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان قورالنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتىمىز، مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت - سائادەت بولامدۇ؟

مۇستەھكەم بىنا بولۇپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىرىمىز قۇرۇلۇشنىڭ سېخمىلىرىنى لايىھەلەيدىغان ئىنژېنېر، يەنە بەزىلىرىمىز قۇرۇلۇش

ئىشچىلىرى ۋە يەنە بىر قىسىملىرىمىز قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ماتېرىيال بولالىلى، شۇ ۋاقىتتا ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان مەقسەت-نىشانلىرىمىزغا يېتەلەيمىز، ئىنشا الله.

# دىققىتىمنى تارتقان كىچىك بالا

يېقىنقىنىڭ ياقى تەن - سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولماي قالدى. ئەزىز، مېھرىبان، كۆيۈمچان، بىزگە ئوخشاش رەبىبىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان مىسكىن ھەمشىرىلىرىگە ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ھاجەتلىرىدىن چىقىشنى، ئۆزلىرىنىڭ ﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيتى دەپ تونۇغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە بىرقانچە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرستىشى جەريانىدا، بىر قانچە دوختۇر قېرىندىشىمىز دېيىشۋالغاندەكلا: «ھەدە، سىز قاتتىق چارچاپسىز، كەيپىياتىڭىزنى ياخشىلاڭ. سىزدە ئېغىر روھى بېسىم بار ئىكەن. كۆندە يول مېڭىپ بېرىڭ» دېگەندەك دىياگنوز ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كەلدىم.

ئىنسانلار مەقسەتسىز ئىش قىلمايدىغان، ﷲ بارىسىدا دوستلاشماستىن، ئۆزىنىڭ بىرەر مۇددىئاسى ئۈچۈن دوستلىشىدىغان، تۇل ئايال ۋە يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن، بىرەر ئىشلىرىنىمۇ بىكارغا قىلىپ بەرمەسلىك ئومۇملىشىۋاتقان بىر دەۋردە؛ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ: «تۇل ئايال ۋە يېتىملارغا ياردەم بەرگەنلەر ﷲ يولىدا داۋاملىق جىھاد قىلغان، كېچىلىرى داۋاملىق قىيامدا تۇرغان، كۈندۈزلىرى داۋاملىق روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە قەلبلىرىدىن ئىشەنگەن ۋە بۇ ھەدىسنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىغان ۋە تەدبىقلاشقا تىرىشىۋاتقان سەممىي ئىنسانلارنى، مەن پەقەت ﷲ تعالى تاللىغان، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دۇئا قىلغان، گۇناھلاردىن پاك بولغان سەييدىمىزنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن، ئىسلام تارىخىدا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار دەپ

نام بېرىلگەن، بەدر ئەسھابىلىرىدىن 100 ساھابىدىن تەركىب تاپقان 1000 ساھابە كىراملار رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُم لاردىن ۋە رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «ئۈممەتىنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ياردەمچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولغان ساھابە كىراملار ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن بەرىكەتلىك زېمىن شامدا كۆردۈم. اللَّهُ أَكْبَرُ. يەرشارىدا الله رىزالىقى ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان، شەخسىيەتسىز، غېرىب بولغان دىنىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىز قەلبىمدە قايتىدىن ئۈمىد نۇرلىرىدا پارلىدى. مەيۈسلىكتىن ھالسىرىغان ۋۇجۇدۇم كۈچلەندى.

توغرا، تولىمۇ چارچىدىم. زالىملىق بابىدا مىسلى كەم ئۇچرايدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە ۋەھشىي قىرغىنچىلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق چارچىدىم، شۇنچە ئېغىر قىرغىنچىلىقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى يەتكۈچە تارتىپمۇ، قۇرئان - سۈننەتنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە بىرلىشەلمەي، دۇنيانىڭ خىلمۇخىل بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا تېڭىرقاپ ۋە خارلىنىپ يۈرۈۋاتقان خەلقىم ئۈچۈن چارچىدىم.

ئاشۇ يۈرەك پارىلىرىم ۋە جان - جىگەرلىرىمنى، ھېچقاچان ئۇنتۇماستىن، كېچە - كۈندۈز ئەسلەپ چارچىدىم. گۈزەل يۇرتۇمنى؛ زالىمنىڭ زۇلمى تۈپەيلى، دەرد - ئەلەملىك ياشلار بىلەن شاۋقۇنسىز ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنى ئەسلەپ چارچىدىم. ئۇيقۇسىزلىق مېنى قاتتىق چارچاتتى. دوختۇرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، چىدامچان، سەۋرلىك، ئىرادىلىك قەلبىمنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئەتىگەندە مېڭىشقا چىققان ئىدىم.

پاھ! نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىلەر بۇ؟! ئەتراپ ياپيېشىل تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەتىگەنكى ساپ ھاۋا تولىمۇ ئارامبەخش ئىدى. ئەتراپتا ھەرخىل قۇشلارنىڭ شوخلۇق بىلەن سايراشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ماشاالله ؛ بۇ چىرايلىق ئاۋازلىق قۇشلار الله نى زىكىر قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىۋاتقاندەك ئىدى.

مەن الله نىڭ مېنى بۇ بەرىكەتلىك زېمىنغا ئەكەلگىنىگە شۈكۈر ئېيتىپ، گۈزەل مەنزىرىلەرنى سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئالدى تەرەپتە يەتتە ياش ئەتراپىدىكى بىر ئوغۇل بالا، قولىدا باش بارمىقىمچىلىك تومۇقتىكى، بىر مېتىر ئەتراپىدىكى تاياقنى قورال تۇتقاندەك تۇتۇپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قارىغا ئالغان قىياپەتتە ئالدىمغا كېلىۋاتاتتى. بۇ بالىنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ قارىغا ئېلىپ مېڭىشلىرى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. تۈركىيە ۋە ياۋروپادىكى قىز - ئوغۇللىرىمىزغا قارا قولىنى سۇنغان خىتاي نۇرغۇن مەبلەغلەرنى سېلىپ، بىز چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتقان بۇ ئاۋانگارتلىرىمىزنى ئەقىدە، ئىمان ۋە ئەخلاقىدىن جۇدا قىلىپ، پاساتچىلىققا گىرىپتار قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، شۇ سەۋەبلىك بۇ قىز - يىگىتلەرنىڭمۇ بۇزۇق يوللاردا مېڭىپ، ئۆز كىملىكىنى ئېسىدىن چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىككە تولغان قەلبىم تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى زور ئۈمىد ئىگىلىدى. بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىر، مۇجاھىدلارنىڭ سۈزۈك ئەقىدە، مۇستەھكەم ئىمانلىق، جەڭگىۋار، جاسارەتلىك، الله يولىدا جىھاد قىلىش قان - قېنىغا سىڭىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرى بولغان بۇ كىچىك مۇجاھىدنى كۆرۈپ، قەلبىم خۇرسەنلىككە چۆمدى.

بۇ كىچىك مۇجاھىدلارنىڭ مەھەللىدە مۇجاھىد ۋە دۈشمەن بولۇپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، غەلىبىگە ئېرىشتۇق دەپ توۋلاپ تەكبىر

ئېيتىشۋاتقان، نەشىدە ئوقۇۋاتقان ھالەتلىرىنى ئارىلاپ كۆرۈپ قالاتتىم ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈنۈپ دۇئا قىلاتتىم، ۋەتەندە خىتايىنىڭ نىجىس تاپانلىرىدا چەيلەنگەن غۇنچىلارنى ئەسلىگىنىمدە يۈرىكىم ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. بۇ ياشتىكى ئۆسمۈر باللار ئۇخلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بۇ كىچىك مۇجاھىدنىڭ ئۇخلىماي سىرتقا چىقىپ تاياقنى قورال قىلىپ قارىغا ئېلىشلىرى دىققىتىمنى تارتىپ، ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. قايتىدىن ئۈمىدلىنىپ، جانلانغاندەك بولدۇم. الله خالىسا، ئەقىدىسى توغرا، مۇستەھكەم ئىمانلىق، ئەخلاقلىق، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، غەيرەتلىك، ئىسمايىل عَلَيْهِ السَّلَام غا ئوخشاش الله ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان، جەڭگىۋار، پىداكار ياش مۇجاھىدلار يېتىشىپ چىققۇسى، اللَّهُ أَكْبَرُ!

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئوخشايدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم.

# جەننەت يولى

جەننەت يولى بارلىق مۇسۇلمانلار مېڭىشنى ئويلايدىغان، تەلپۈنىدىغان، ماللار سەرپ قىلىنىدىغان، جانلار پىدا قىلىنىدىغان، بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلىدىغان يولدۇر. مۇسۇلمان بۇ يولدا دۇچار بولىدىغان ھەرخىل جەبىر - جاپالارغا چىدايدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ يول مۇھەممەد قۇتۇپ ئېيتقاندەك، چىراغلار يېنىپ تۇرغان، كەڭرى كەتكەن، ئىككى تەرەپلىرىدە گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ تۇرغان ئاسفالىت يول بولماستىن، بەلكى ئادەملەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئازگاللىق ۋە تىكەنلىك يولدۇر. بۇ يولدا ماڭغان مۇسۇلمان ئاۋۋال نىيىتىنى توغرىلاپ، پەقەت الله رىزالىقى ئۈچۈن ئاتلانغاندىلا، ئاندىن ئۆزى كېچە - كۈندۈز خىيال قىلغان مەقسەت - نىشانىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. سەپەر ئۇزۇن ھەم جاپالىق بولغاچقا، كىشىدىن كۆپ سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يولدا بەزى مۇسۇلمانلار مېلى ۋە جېنىنى پىدا قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ قىلسا، بەزىلەر ھەقنى سۆزلەپ باتىلغا قارشى تۇرۇشىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ يارقىن دەۋەتلىرى ئارقىلىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بەزىلەر سالىھ ئەمەللىرى بىلەن ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارغا بويۇن ئەگمەستىن، بۇ يولنى چىن ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پۈتۈن ھاياتىنى شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئاتاش ئارقىلىق بۇ يولدا ماڭىدۇ. قىسقىسى بۇ يولنىڭ ئاخىرىدىكى مەڭگۈلۈك بەخت ئورنى بولغان جەننەتنى ئىرادە قىلغان كىشى نەپسىنى الله قا ساتىسۇن!

بۇ ئاجايىپ كاتتا تىجارەتتۇركى، ئىنسان نەپسىنى يېڭىپ، الله تەرەپكە ماڭالىغاندىلا، ئىش - ھەرىكەت ۋە يۈرۈش — تۇرۇشلىرى نەپسى ئۈچۈن

ئەمەس، الله ئۈچۈن بولغاندىلا، بۇ سەپەرنى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاپ، الله خالىسا جەننەتكە يېتىپ بارالايدۇ. بۇ يولنىڭ داۋىنى ئېگىز، بۇ يولدا مۇستەھكەم، تەۋرەنمەي، ئېزىپ كەتمەستىن مېڭىشنى ئىرادە قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئۇنى بۇ يولدىكى خەتەرلەردىن ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە تۇنجى قېتىم ۋەھيي قىلىنغان ئىلىملەرنى ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇ ئىلىم، غېرىب - مۇساپىرلىق دەردلىرىدە ئېزىتىراپ چېكىۋاتقان قەلبلەردىكى يارىلارغا مەلھەم بولىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈن روھلىرىغا ئىشەنچ، ئۈمىد، غەيرەت، جەسۇرلۇق بېغىشلايدۇ. ئاتا - ئانا ۋە ئەزىز تۇپرىقىغا بولغان سېغىنىش تۇپەيلىدىن تولا يىغلاپ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىگە، سولغۇن يۈزلىرىگە نۇر، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرلىرى بىلەن سۇسلىشىپ قالغان ئېتىقادلىرىغا قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. چاڭقىغان يۈرەكلەرنى قاندۇرىدۇ.

مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ خَارِجٍ خَرَجَ مِنْ بَيْتِهِ فِي طَلَبِ الْعِلْمِ إِلاَّ وَضَعَتْ لَهُ الْمَلاَئِكَةُ أَجْنِحَتَهَا رِضًا بِمَا يَصْنَعُ» «كىمكى ئۆيىدىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ» [سۇنەن ئىبنى ماجە 226 - ھەدىس، ھەسەن]

بۇ ئەنە شۇنداق يولدۇر.

يەنە بىر ھەدىستە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن: «مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَبْتَغِي فِيهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللهُ لَهُ طَرِيقًا إِلَى الجَنَّةِ» «كىمكى (الله رىزالىقى ئۈچۈن، شەرئىي) ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [«ياخشىلار باغچىسى» 1388 - ھەدىس، سەھىھ]

بۇ ئەنە شۇنداق يولدۇر.

ئى ئەزىز قېرىندىشىم! سىز بۇ يولدىن تاپقان قەلب راھىتىنى باشقا ھېچيەردىن تاپالمايسىز. بۇ يولدا ئېرىشكەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە باشقا يولدا ئېرىشەلمەيسىز! ئەگەر سىز اللە قا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى كۈچلەندۈرمەكچى، تەقۋالىقىڭىزنى ئاشۇرماقچى، قۇرئان ھەدىسنىڭ تەلەپ — تەقەززاسى بويىچە ياشىماقچى بولسىڭىز، بۇ يولنى تاللاڭ ۋە بۇ يولدا قاتتىق تىرىشىڭ.

ئەگەر سىز بۇ يولنى تاللىسىڭىز، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ رېئاللىقىدا يىلتىز تارتقان چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، بوشاڭلىق، راھەتپەرەسلىكتەك زاھىرى ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تۈگىتىشكە بىر كىشىلىك ھەسسىڭىزنى قوشقان بولىسىز. ئەگەر سىز زالىم كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن پىلانلىغان سۈيقەستلىرىنى بىتچىت قىلىپ، بۇ دەھشەتلىك زۇلۇمغا تېزرەك خاتىمە بېرىشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئىلىم ئېلىش يولىدا ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق قىلماستىن، ھېرىپ - چارچىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەڭ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا نادانلىق سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان، نۇسرەتنىڭ كېچىكىشىگە سەۋەبچى بولغان پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئەزىز ۋەتىنىڭىز شەرقىي تۈركىستاننى فاشىست، تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالالايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە قۇياش پاتماس شەھەر ھەققىدىكى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن:

بۇرۇنقى زاماندا ئاجايىپ قۇدرەتلىك، يېڭىلمەس بىر شەھەر بولغان ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بالىلىرىمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئەمما، ئۇلارغا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇق، ئېلىنىدىغان ئىمتىھان كىتابلار دۆۋىسىگە چۆكۈپ قۇرۇق يادلاشنى ئەمەس، ئۇلاردا مۇكەممەل ئېتىقاد ۋە بۈيۈك غايە يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىكەن. شۇنداق

بولغاچقا، نەۋقىران يىگىتلەر، بەرنا قىزلاردىن تارتىپ، باقىي ئالەمنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بوۋاي - مومايلارغىچە ھەممىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقنايدىكەن. ھەر بىر ئىشىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن. چۈشكۈنلۈك ۋە بوشاڭلىق ئۇلارغا يات ئىكەن. پېشۋالىرىمىزنىڭ «ئاخىرەت ئۈچۈن ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىجتىھات قىل» دېگەن ھەدىسى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مىزانى ئىكەن. زامانلار ئۆتۈپ ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ بىرى نادانلىقتىن، ئۆز ئەقلىگە تەمەننا قويىدىغان يەنە بىرلىرى ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ھالاك بوپتۇ. لېكىن، كۈچلۈك دۈشمەنلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىمۇ، ھىيلىگەر سۇيىقەستچىنىڭ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان نەيرەڭلىرىمۇ بۇ شەھەرنى بويسۇندۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ شەھەرنى «قۇياش پاتماس شەھەر» دەپ ئاتاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەردىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يېرىدىكىگە ئوخشاش ئەتىگىنى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش كەچ بولغاندا غەربكە پاتىدىكەن. پەقەت ئېتىقاد ئاتا قىلغان ئېگىلمەس روھنىڭ قۇدرىتى بۇ شەھەرنى ئەنە شۇنداق ئۈمىد ۋە غەلىبە قۇياشى پاتمايدىغان شەھەرگە ئايلاندۇرغانىكەن. ئىلىم ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن باشلانغان ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى ۋە پەزلىنى نامايەن قىلىپ، گويا پاراۋۇزنىڭ بېشىغا ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەتنى سۆرەپ ئالغا ئىتتىرىپ كەلدى. لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى دەل ئىلىمنىڭ خاسىيىتىنى ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ يارقىن رەۋىشتە ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى:

ئى ئوغلۇم ــ دەيدۇ ئۇ، ــ ئىلىم ئۆگەن، ئالىملار بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بول، ئىلىم خۇددى ئاسماندىن زېمىن ئەھلىگە چۈشكەن بەرىكەتلىك يامغۇرغا ئوخشايدۇ. يامغۇر بىلەن قاقاس يەرلەر كۆكەرگەندەك،

ئىلىم بىلەن ئۆلۈك قەلبلەر تىرىلىدۇ، قاراڭغۇ دىللار يورۇيدۇ. بۈگۈن بىزگە كېرەك بولغىنىمۇ دەل شۇنداق ئىلىم. ئىلىمنىڭ ھەممىسى پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ، بەزى ئاتالمىش ئىلىملەر ئىنسانىنى ئازغۇنلۇققا ۋە گۇمراھلىققا باشلايدۇ. خارلىق ۋە بالايى مۇسىبەتلەر نادانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق ۋە قىزىقىش قەلبلەرگە ئورۇنلاشقاندا، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بەرگەندە، بۈگۈنكى يۈرەكنى ئەزگۈدەك خارلىق بىلەن توشقان تارىخىي سەھىپىمىزنى يېپىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەختلىك يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچالايمىز.

ئەگەر ھازىرقى ئىلىمگە بولغان سۇسلۇقىمىز ئۆزگەرمەيدىكەن، قۇرۇق ۋايساشلار، يۈرەكنى ئەزگۈدەك تولۋلاشلار بىلەن ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىمىزنى زىنھار ئۆزگەرتەلمەيمىز، روناق تاپالمايمىز. ئەگەر بىز ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ماڭمايدىكەنمىز، بۇ چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلالمايمىز. ئىلىمدىن ئىبارەت گۆھەرنى قەلبلىرىمىزدىن سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ تىرىشمايدىكەنمىز، ئەۋلادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ «ھەر ئادەم نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ » دېگەن ھەدىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئىلىمگە جان پىدا قىلىدىغان روھ ۋە ئىرادە بولغاندىلا، ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەلبىسىدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# ئانا!

ئانا ــ ئۇلۇغ نامدۇر. «ئانا» كەلىمىسى ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرەكلەرنى تىترىتىدۇ. سېغىنىش ئوتلىرىنى كۈچەيتىدۇ.

ئانا مېھرىلىك پەرۋىشكاردۇر. ئۇ پەرزەنتلىرىنى ئۆز قوينىدا پەپىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. سولۇشقا باشلىغان گۈلستانلارنى ئۆز مېھرى - مۇھەببىتى ئارقىلىق قايتىدىن جانلاندۇرىدۇ. ئانا نۇرغۇنلىغان سەركە يىگىتلەرنى بويۇنلىرىنى قىستۇرماستىن، باشقىلارغا تەلمۈرگۈزمەستىن چوڭ قىلسا، زىبا غۇنچىلارنى سولاشتۇرماستىن ئۆستۈرۈپ چىقىدۇ. مەن بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقان ئانا مېنىڭ ۋە سىزنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ ئانىسى بولماستىن، بەلكى ئۇممەتنىڭ بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولغان ئەزىز ۋەتەن شەرقىي تۈركىستاندۇر.

شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئانىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولدۇق. ئانىسى بارلارنىڭ ئالدىدا بوينىمىز قىسىلدى. ئانىسى بارلارنى كۆرگىنىمىزدە، قەلبىمىز ئازاب ئىلكىدە ئۆرتەندى. بىزلەر خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان بىر توپ قوزىلارغا ئوخشاپ قالدۇق.

ئى ئەزىز ۋەتەن! سېنىڭ چاڭقىغانلارنى قاندۇرىدىغان شېرىن شەربەت كەبى سۇلىرىڭنى ئىچكۈمىز، لەزىز مېۋىلىرىڭدىن قانغۇچە يېگۈمىز، گۈزەل باغۇ - بوستانلىرىڭدا دوست - يارەنلەر بىلەن سەيلە قىلغۇمىز، كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا دوستلىرىمىز بىلەن مۆكۈ - مۆكىلەڭ ئوينىغان شۇ كوچىلىرىڭدا ماڭغۇمىز، ھېيت يېقىنلاشقاندا قىزىپ كېتىدىغان بازارلىرىڭنى ئايلىنىپ، مەزىلىك پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋاپلىرىڭدىن لەززەتلىنىپ يېگۈمىز كەلدى.

ئى ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستان! بىز سېنىڭ قوينىڭدىن يېتىشىپ چىققان ئوغۇل - قىزلارمىز. بىز سېنى سۆيىمىز، سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدۇق ۋە قالمايمىز. دېمىسىمۇ، پەرزەنت كۆيۈمچان ئانىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟ بۇ پەقەت ئىمانسىز ۋە ۋىجدانسىز ئىنساننىڭ ئىشىدۇر. ئانىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋىجدانسىزغا ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئانىسىنى بەرمەيدۇ، ئۇ خارلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئانىسى يوقلار چەتكە قېقىلىدۇ، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. ھېچ ئىشلىرىنى ئۆزى ئويلىغاندەك پىلانلىق ئېلىپ بارالمايدۇ. قىسىلىدۇ، سىقىلىدۇ، يىقىلىدۇ. مۇدۇرۇپ كەتسە ھېچكىم ئۇنى يۆلەپ قويمايدۇ. شۇڭا كونىلار: «ئانىسى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن سۆزنى بىكارغا ئېيتمىغان.

ئى ئەزىز ۋەتەن! ھىجرىيە 1444 - يىلىدىكى مۇبارەك رامزان ئېيىنى ئۆزىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ روزى ھېيتىنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار سېنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. سېنىڭ قوينۇڭدىكى زالىم، فاشىست كاپىرلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىۋاتقان، تۈرلۈك ۋەھشىي زۇلۇملارغا ئۇچراۋاتقان ئەزىزلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە كۆزىمىزدىن ياشلا ئەمەس، يۈرەكلىرىمىزدىن قان ئاقىدۇ. ئەمما بىزنىڭ مېھرىبان، شەپقەتلىك رەببىمىز بار بولغاچقا، بىز يەنە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمىز.

ئى ئەزىز ۋەتەن ۋە شۇ ۋەتەندىكى بارلىق ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزلاردىن تەركىب تاپقان يۈرەك پارىلىرىمىز! سىلەرسىز بۇ ھېيتنى قانداقمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزەلەيمىز؟! سىلەرسىز بىزگە ھېيت بولامدۇ؟ ئەجەبا سىلەرمۇ ھېيت بولغانلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھېيت تەنتەنىسى قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە سىلەر ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس بايرىمى بولغان روزا ھېيتنىڭ يېتىپ

كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىكىڭلار، بىلسەڭلارمۇ «روزا ھېيت» دېگەن سۆزنى قىلالماسلىقىڭلار مۇمكىن.

ئى ئەزىز شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار! سىلەر مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ بىر قىسمىسىلەر، سىلەرنى جاھان ئەھلى ئۇنۇتسىمۇ، پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ رەببى بولغان اللّٰه ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. پۈتكۈل زالىملارغا كۈچى يېتىدىغان بۈيۈك زات بولغان اللّٰه ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك: «سىناق قانچە چوڭ بولسا ئەجرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ھەقىقەتەن اللّٰه بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنايدۇ. كىمكى بۇنىڭغا رازى بولسا اللّٰه مۇ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا غەزەبلەنسە، اللّٰه مۇ ئۇنىڭغا غەزەبلىنىدۇ» [ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، سەھىھ].

اللّٰه تعالى سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ، بۇ ئېغىر ئىمتىھان بىلەن سىنىدى. اللّٰه سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ بۇ ئېغىر سىناق بىلەن سىنىغان ئىكەن، سەۋر قىلساڭلارلا سىلەرنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ ئىنشا اللّٰه. بەلكىم اللّٰه بىزلەرنى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ھەرخىل ئېغىر سىناقلار ئارقىلىق تاۋلاپ، سابىت داموللام قۇرۇپ چىققاندەك ئىسلامىي ۋەتەننى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن تەييارلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. اللّٰه ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

اللّٰه تعالى سىلەرنى ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ بۇ ئېغىر سىناقنى بەردى. اللّٰه خالىسا بۇ سىناقنى ئۆز پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن پات ئارىدا كۆتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا سىلەر ئۈمىدۋار بولۇشۇڭلار ۋە بۇ ئىمتىھانلاردا سابىت تۇرۇش ئارقىلىق اللّٰه نى رازى قىلىشىڭلار تولىمۇ زۆرۈر. اللّٰه خالىسا، پات ئارىدا سىلەرنىڭ قۇللۇقىڭلار ھۆرلۈككە، يىغلىرىڭلار كۈلكىگە، غەم - قايغۇلىرىڭلار خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق

كۆرستىلگەنندەك، بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چوقۇم بىر ئاسانچىلىق باردۇر. سىلەرنىڭ قوينۇڭلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوغلانلىرىڭلاردىن تەركىب تاپقان سەركىلەر قولىغا قورال ئالغان ھالدا كېچە ۋە كۈندۈز شەرقىي تۈركىستان جىھادىنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. اللە خالىسا، اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن بىز سىلەر ئويلاپ باقمىغان كۈنى بارلىق قوراللىرىمىز بىلەن، تەكبىر ئېيتقان ھالدا ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم بېسىپ، سىلەرنى باغرىمىزغا باسىمىز.

ئىنسانغا قىيىن بولغان ئىش اللە قا ئاساندۇر. سىلەر ھەر ۋاقىت مۇنبەرلەردە ئەسلىنىشكە ۋە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ دۇئاسىغا مۇيەسسەر بولغان خەلق سىلەر. تارىختا يىمىرىلمىگەن ئىمپېرىيە يوق. زالىمنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى، مۇسۇلمانلارغا بولغان زۇلمىنىڭ كۈچىيىشى، ئۇنىڭ پات يېقىندا ھالاك بولىدىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئىنشا اللە

بىز شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىدىكى بارلىق مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدەلەر، شۇنداقلا ئۆسمۈر قىز - يىگىتلەر سىلەرگە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا اللە نىڭ سالىمىنى يوللايمىز. شۇنداقلا روزى ھېيتىڭلارنى كۆزلىرىڭلاردىكى ياشلارنى سۈرتىۋېتىپ، كۆتۈرەڭگۈ - روھلۇق ھالەتتە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاجاۋۇزچى خىتاي كاپىرلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادىلىپ، بىز شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك چۈشكۈن ۋە روھسىز، يوقىلىش گىردابىغا قاراپ ماڭماستىن بەلكى تېخىمۇ جۇشقۇن ۋە روھلۇق ھالەتتە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇ نىجىسلارغا كۆرسىتىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلەرنىڭ ھېيتىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز. چۈنكى، بىز يەر شارىنىڭ قەيېرىدە

بولمايلى، بىر دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى ۋە بىر شاخنىڭ مېۋىلىرىمىز. سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز. دەردىڭلار بىزنىڭ دەردىمىزدۇر.

# مۇسلىمەلەر ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئىنساننى گۈزەل، مېھرلىك ۋە سۆيۈملۈك كۆرسىتىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نى الله تعالى يەرشارىغا گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بارچە ئىبادەتلىرىمىز ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئەخلاق مۇئمىننىڭ زىننىتى، قۇرئان - ھەدىسنىڭ تەقەززاسىدۇر. بىز ئەگەر ئىمان دەۋايىمىزدا راستچىل بولساق، تۆۋەندىكى ئىشلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك:

(1) قوشنىلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك.

(2) قوشنىلارنىڭ ھەقلىرىگە سەل قارىماسلىق.

(3) قوشنىلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدىكى نەرسىلەرنى رۇخسەتسىز ئىشلەتمەسلىك.

(4) تىل ئاپەتلىرىدىن ساقلىنىش.

(5) ئەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش.

(6) ئېرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى باشقىلارغا ئېيتماسلىق.

(7) ئېرىنىڭ ئابرويىنى تۆكمەسلىك.

(8) ئەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنى دوستۇم دەپ ئۆيىگە باشلىماسلىق، ئەر رۇخسەت قىلمىغان كىشى بىلەن ئارىلاشماسلىق.

(9) ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىكى نەرسىلەرنى باشقىلارغا بەرمەسلىك.

(10) ئەرنىڭ شەرىئەت ئاساسىدىكى ھەرقانداق تەلەپلىرىنى رەت قىلماسلىق.

(11) ئەر بىلەن تاكاللاشماسلىق.

(12) ئەرنىڭ تېلېفونىغا ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز قارىماسلىق.

(13) ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتلارغا چىقماسلىق.

(14) يات ئەرلەر بىلەن تېلېفوندا ئۇچۇرلاشماسلىق.

(15) قوشنىلار يېقىن، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى نېپىز بولغان ئۆيلەردە ئاۋازلىق كۈلۈشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(16) سىرتلارغا پۇتىغا پايپاق كىيمەي چىقىشتىن ساقلىنىش.

(17) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئالىبۇلماچ ھىجابلارنى كىيىشتىن ئېھتىيات قىلىش. كۆزلىرىگە سۈرمىنى قېنىق تارتىپ، كۆزلىرىنى ئوچۇق قويۇپ مېڭىشتىن ساقلىنىش. قوللىرىغا پەلەي كىيمەي سىرتقا چىقىشتىن ئېھتىيات قىلىش. يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىشتىن ساقلىنىش. (ئاياللارنىڭ ساقال ياكى بۇرۇتنى يۇلۇۋېتىشى دۇرۇس) قاشلىرىنى تېرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش. ھەتتا قاشنى تەرگەندەك قىلىدىغان چاپلاق چاپلاشتىنمۇ ساقلىنىش.

(18) كۆكسىنى ئالدىغا، كاسىسىنى كەينىگە چىقىرىپ، ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ماڭغاندا ئاۋاز چىقىرىدىغان ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش.

(19) دۇنياۋى كاتتا ئالىملار ۋە جامائەتنىڭ شەرئىي ئۇستازلار ھارام ۋە شۈبھىلىك دېگەن ھەرقانداق سودا - سېتىقنى قىلىشتىن ۋە يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىش.

(20) ئۆزلىرىنى پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىششتىن ساقلىنىش. (بۇلارنىڭ مۇجاھىدلارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى دەرسلەردە قايتا - قايتا تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدىم).

(21) قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش.

(22) ئىززەت ماكانلىرىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكنى، بۇ ئورۇندىن باشقا يەردىكىلەرگە يەتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(23) شەرئىي مەسىلىلەرنى ئىشەنچىلىك بىر ئۇستازدىن سوراش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئۆز ئېھتىياجىغا كۆرە يول چىقىرىش مەقسىتىدە ئوخشاش مەسىلىنى باشقا ئۇستازلاردىن قايتا سوراشتىن ساقلىنىش. (مەسىلە سورىغاندا ئەقىدە، تەقۋالىق ۋە ئەخلاق قاتارلىقلاردا ئىشەنچىلىك بولغان، مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغانلاردىن سوراش).

(24) ئۆزىدىن چوڭلارغا، بولۇپمۇ قېينانا ۋە قېيناتىلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(25) چاقىرغان يەرگە ئۆيدىكى پۈتۈن پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ساھىبخانىغا قولايسىزلىق تۇغدۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلىش (ئەگەر ساھىبخانىغا قولايسىزلىق بولمايدىغان، شۇنداقلا ساھىبخان بالىلارنى تولۇق ئەكېلىشنى جېكلەپ تۇرۇۋالغان ئەھۋالدا، ساھىبخانىنىڭ رايىغا بېقىش يوللۇق)

(26) سورۇن ئەخلاقىغا سەل قاراشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(27) ئىلىم ئەھلىلىرىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشتىن ساقلىنىش.

(28) ئىسراپچىلىق قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(29) شۈبھىلىك گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش.

(30) سىرتلارغا پۇراقلىق ئەتىر ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ چىقىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.

(31) يۈزنىڭ تۈكلىرىنى ئالدىغان يۈز چاپلاقلىرىنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.

(32) تېلېفوننىڭ پىتنىلىرىدىن ئېھتىيات قىلىش.

(33) نەپلە ئىبادەتلىرىڭىزنى باشقىلارغا دېيىشتىن ساقلىنىڭ.

(34) قېرىنداشلىرىڭىزغا يامان گۇمان قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭ.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم؛ يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن ساقلانساڭلار، قەلبىڭلار غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇپ، ئىمانىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ، قەلبىڭلار راھەتكە تولىدۇ.

(35) ئائىلىنىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ تازىلىقىغا سەل قارىماڭ.

(36) بالىڭىزنىڭ زاكىسىنى مېھمانلار بار يەردە ياكى يولدىشىڭىز بار يەردە ئالماشتۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

(37) ئۆزىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزدا غەيرى پۇراق تېپىلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. (پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر، ھەدىس، پاكىزلىق ئۈچۈن ئېسىل ئۆي ۋە ئېسىل كىيىملەرنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس)

(38) ئەقىدىڭىزنى توغرىلاپ، تەقۋالىقتا يۈزلىنىشتە، بىدئەتچىلەرنىڭ دەۋەت - تەشۋىقاتلىرىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(39) پەرزەنتلىرىڭىزنى تەربىيەلەشتە يەھۇدىيچە مائارىپ، ئاتالمىش پسىخولوگىيە ۋە دىنىسىزلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(40) پەرزەنتىڭىزنى تەربىيەلەشتە سۈننەتتىن يىراقلىشىپ، ئەھلى سۈننە ۋەلئەقىدىدىن ئەسەر بولمىغان ناتىقلارغا ئەگىشىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(41) قانال ۋە توپلارغا (ئەقىدە ۋە مەقسەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلماستىن) قاتنىششتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(42) تېلېفونىڭىزدا ساغلام ئەقىدىلىك ئۇستازلارنىڭ دەرس قانالىلىرى يوق دېيەرلىك، ئەكسىچە پۈتۈنلەي سودا توپى بىلەن توشۇپ كېتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(43) پەقەت پۇل ۋە يۈز تېپىشنى كۆزلەيدىغان، مۇجاھىدەلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىززەت ماكانلىرىدا سابىت تۇرۇشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەرخىل گۈزەل ناملار بىلەن ئاتالغان قانال ۋە توپلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(44) نامازغا سۇسلۇق قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(45) بامدات نامىزىغا ئەزان چىققۇچە ئۇخلاۋېرىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

(46) پەرزەنتلىرىڭىزنى قارىيلا قىلىپ، تەۋھىدىگە ۋە ئەخلاقىغا سەل قاراشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

(47) ئائىلىڭىزدە سىزگە ئامانەت قىلىنغان يېتىم قىز - ئوغۇللار بار بولسا، ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرىدەك كۆرمەسلىكتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(48) قوش ھەمشىرىلىك بولسىڭىز، يولدىشىڭىزغا ۋە ھەمشىرىڭىزگە ئازار بېرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(49) پەرزەنتلىرىڭىزنى بىھۇدە ئۇرۇش ۋە ھاقارەتلەشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.

(50) پەرزەنتلىرىڭىز بار يەردە، يولدىشىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئېھتىيات قىلىڭ.

(51) ئۆزىڭىز ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشىگە سەل قارىماڭ.

(52) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە سەل قارىماڭ.

(53) باشقىلارغا تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ باھا بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ

(54) ماختانچاقلىقتىن ساقلىنىڭ.

(55) تۇنجى كۆرۈشكەندىلا باشقىلارنىڭ يېشىنى، يۇرتىنى ۋەھاكازا سوراشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

ئەزىز مۇسلىمە قېرىنداشلار! بىز قۇرئان تەپسىرلىرىدە ئىزاھات بەرگەندەك، قىلىچتىن ئۆتكۈر، قىلدىن ئىنچىكە بولغان پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرىمىز. ئەگەر بىز ئىنسانىي ئالدايدىغان ئازغىنە دۇنيا نېمەتلىرى سەۋەبلىك دىنىمىزنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىدكە ۋە ئەخلاققا سەل قاراپ قالساق، پۈتكۈل ھاياتىمىزنى بەلگىلەيدىغان بۇ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كېتىمىز. بۇ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتسەك نەگە چۈشىدىغانلىقىمىز ھېچقايسىمىزغا مەخپىي ئەمەس. بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار الله نى رازى قىلىپ، جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، نۇرغۇن قۇربانلىق بەردۇق، بەدەل تۆلىدۇق. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇ قۇربانلىقلىرىمىزنى ۋە تۆلىگەن بەدەللىرىمىزنى ئەرزىمەس دۇنيا ماتالىرى ئۈچۈن نابۇت قىلىۋەتمەيلى.

# مۇجاھىدە ھەمشىرىمىز

مەن بۇ ئىسمنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، بۇ «مۇجاھىد»نى اللە ياخشى كۆرىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى كەلگەندىن تاكى ۋاپات بولغۇچە مۇجاھىد بولۇپ ئۆتكەن. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ساھابىلىرى مۇجاھىد بولۇش ئارقىلىق اللە نىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ھاياتنى ئاتىغان. جىھاد قەلبلەر ئۈنىڭغا تەلپۈنىدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان، كېچە ۋە كۈندۈز خىيال قىلىدىغان بۈيۈك ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا تۇتىشىدۇ. شۇنداقلا روھىيەتنى ھەم رېئال مەۋجۇدىيەتنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دىن ئىنساننىڭ بىلىشى ۋە ئىشىنىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدە قىسمى بىلەن شۇ ئەقىدىنىڭ ئىجرائاتى ھېسابلىنىدىغان ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىق شەرىئەت قىسمىنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان. بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۆلچىمى سۈپىتىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىمان سۆز ۋە ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە جىھاد ئىبادىتى اللە قۇرئاننىڭ كۆپ يەرلىرىدە تىلغا ئالغان ۋە قايتا - قايتا تەكىتلىگەن كاتتا ئىبادەت بولۇپ، بۇ اللە نى قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نى دىلىدىن سۆيگەن بىر مۇسۇلمان قىلىشقا ئالدىرايدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر. چۈنكى، بۇ ئىبادەت ئىنسانلارنى خار - زەبۇنلۇقتىن ھۆرلۈككە، ئىنسانىغا قۇللچىلىق قىلىشتىن، اللە قا قۇللچىلىق قىلىشقا، قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئىسلامنىڭ نۇرىغا، كاپىرلارنىڭ بۇزۇق، ئادالەتسىز قانۇنلىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئىمجانلارنى قۇرئاننىڭ ئادالەت سايىسى ئاستىغا، كاپىرلارنىڭ زىندانلىرىدا ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئاياغ ئاستى

قىلىنىۋاتقان ھەدە - سىڭىللىرىمىزنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرىدىغان، قەلبى ساغلام مۇسۇلمانىنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان ئىبادىتىدۇر.

ئىسلامغا كىرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ، بۇ ئىبادەتنىڭ ئىنسانلارنى خارلىق، زەبۇنلۇقتىن ھۆرلۈككە، زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىلىرىدىن بەختلىك ھاياتقا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا، قەلبىم بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا تەلپۈنگەن ئىدى. بۇ ئىبادەتنى قىلغان مۇسۇلماننى الله تعالى نىڭ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغىنىنى ۋە بۇنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىبادەتسىز بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھۆرلۈكنىڭ قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن كۈنۈمدىن تارتىپ، بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغان ئىدىم.

قەلبىم الله تعالى نىڭ ئەسكىرى بولۇشقا ئىشتىياق باغلىدى. ئولتۇرسام - قوپسام شۇ « مۇجاھىد» بولۇش ئارزۇسىدا، كېچىلىرى ئورنۇمدىن تۇرۇپ الله قا يالۋۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ «ئى رەببىم! مېنى سەن ياخشى كۆرگەن، سەن ئۈچۈن مېلى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلغان، دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، سەن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان تىجارەتنى قىلىشقا ئەھدىلەشكەن، ساڭا قىلغان ئەھدىلىرىدە راستچىل، سەمىمىي بولغان، سەن ئۈچۈن، تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەرلەردىكى شاھزادە ۋە خانىشلارنىڭكىدەك خاتىرجەم، باي - باياشاتلىق ھاياتلاردىن يۈز ئۆرۈپ تاغلارنىڭ باغرىلىرىدا، باغۇ - بوستانلىق، گۈزەل شەھەرلەرنى تاشلاپ، تاغلارنىڭ چوققىسىدا، ئېسىل بىنا - داچىلارغا قارىماستىن، تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياشاۋاتقان، قاتتىق سوغۇق ۋە پىژغىرىم ئىسسىقلاردا سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە سېنىڭ چېگرالىرىڭنى قوغداش يولىدا رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئەزىز، يەرشارىدىكى ئەڭ بەختلىك

بولغان قوشۇنلىرىڭ ۋە بەندىلىرىڭنىڭ يېنىغا يەتكۈزگىن» دېگەن ئىلتىجالارنى قايتا - قايتا، سۈسلىشىپ قالماستىن قىلدىم.

مېھرىبان رەببىم، مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا خار ھالەتتە، يالۋۇرۇپ قىلغان دۇئالىرىمنى ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ئىجابەت قىلدى. رەببىمگە چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن. مەن 2014 - يىلى 12- ئاينىڭ 24 - كۈنى قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھىجرەتتىن ئىبارەت ئارزۇلىرىمغا يېتىشىم ئۈچۈن قىلغان ياردەملىرى بىلەن تۈغۈلۈپ ئۆسكەن، جانجان ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چوڭ، كۆزگە كۆرۈنگەن، يەر ئاستى بايلىقلىرى مول بولغان، خەلقلىرى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، مېھماندوست كېلىدىغان گۈزەل يۇرتۇمدىن رەببىم ئۈچۈن، غېرىب بولغان دىنىم ئۈچۈن، تارىختا ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن قاتتىق زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقىم ئۈچۈن ئايرىلدىم. قېنىم تۆكۈلگەن، ئوماق باللىقىم ۋە ياشلىق باھارىم شۇنچىلىك تاتلىق ئۆتكەن، مېنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىلىپ چىقىشىم ئۈچۈن سېخىيلەرچە كەڭ قوينىنى ئاچقان، مېنىڭ سالامەت ئۆسۈپ چوڭ بولۇشۇم ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن ئەزىز تۇپرىقىمدىن ئايرىلدىم. مېنى مىڭ جاپالاردا تۇغۇپ، شېرىن ئۇيقۇلىرىنى ئۇخلىيالماي، مەن ئۈچۈن ياشلىقىنى ۋە بارلىقىنى بېغىشلىغان سۆيۈملۈك، جان - جىگەر ئاتا - ئانامدىن ئايرىلدىم. مەن ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشقان ئەزىز قېرىنداشلىرىمدىن، ماڭا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، مېنى ھۆرمەتلەيدىغان، مېنى رەببىمنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان، ئەخلاقلىق، سىرداش دوستلىرىمدىن ئايرىلدىم. مېنى قەلبلىرىدىن سۆيگەن، ئىنسانلار ئارىسىدا ئاتا - ئانامدىن قالسىلا مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان، سىردىشىمنى فاشىست كاپىرلارنىڭ تۈرمىسىدە قويۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇ ھىجرانىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، قەلبىمدىكى ئالىي سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىگىسى بولغان مېھرىبان رەببىم ئۈچۈن ھېچنەرسىگە قارىماستىن ئالغا قاراپ ماڭدىم. بۇ ئېچىنىشلىق، يۈرەكنى تىلىدىغان جۇدالىقنىڭ بىر تەرىپى لەززەتلىك، بىر تەرىپى ئازابلىق ئىدى. سەپەر ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، مەن ھېچكىم بىلەن، ھەتتا جېنىمدىن ئەزىز بولغان قەدىردان ئاتا - ئانام ۋە قېرىنداشلىرىم بىلەنمۇ خوشلاشماستىن يولغا چىققان ئىدىم.

مەن بۇ قىيىن ۋە جاپالىق، كۆڭۈللۈك ھەم لەززەتلىك بولغان ساياھەتكە ئاتلىنىپ، ئون ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەنىڭ گۈزەل شەھىرى ئىستانبۇلغا، الله نىڭ ياردىمى ۋە پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن سالامەت يېتىپ كەلدىم. بۇ شەھەر ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن. بۇ گۈزەللىكىگە ئەتراپىدىكى دېڭىزلار تېخىمۇ ھۆسۈن قوشقان بولۇپ، كۆز ئالدىڭىزدا تولىمۇ گۈزەل بىر ھالەتتە سىزىلغان ماي بوياق رەسىمدەك نامايەن بولاتتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر، ھاياتىمدا تۇنجى كۆرگەن بۇ گۈزەل مەنزىلەر مېنىڭ، ئايلىرىش ئوتلىرى سەۋەبىدىن كۆيۈپ كۇل بولغان يۈرىكىمنى سوۋۇتالمىدى، ھىجران ئازابىمنى يەڭگىللىتەلمىدى. ئىزتىراپ ۋە سىقىلىش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان قەلبىمنى خۇرسەن قىلالمىدى. مەن شۇنچىلىك غېرىب، مىسكىن، ئۆسمۈر دەۋرلىرىمدە ئويناپ چوڭ بولغان كوچىلار، ئەدەپ - ئەخلاقلىق دوستلىرىم، تەربىيەچىم، غەم گۈلزارىم ئانام ۋە ئوچۇق مىجەزلىك، چاقچاقچى دادام بىردەممۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئايرىلىشنىڭ دەرد - ئەلەملىرى قەلبىمنى تىغ بىلەن تىلغاندەك پارە - پارە قىلىۋاتاتتى. يات ئەلنىڭ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن تولغان كوچىلىرىدا ئۆزۈم يالغۇز كېتىۋاتىمەن، كوچىلاردىكى ئىنسانلارنىڭ چىرايلىرى نېمىشقىدۇر سوغۇق. گۈزەل يۇرتۇمنىڭ مېھرى ئىسسىق، قەدەمدە بىر «ئەسسالام

ئەلەيكۇم» دەپ اللە نىڭ گۈزەل سالاملىرىنى قىلىپ ماڭىدىغان شۇ ئەزىزلەر بىلەن توشقان كوچىلاردىن ئەسەرمۇ يوق. سېغىنىش دەرد - ئەلەملىرىمدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ چىقىۋاتقان ھىجران ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلىۋاتاتتى. كۆز ياشلىرىم ئاز كەلگەندەك ئاسماندىن شارقىراپ يامغۇرلار يېغىشقا باشلىدى. مەن نېمە ئۈچۈندۇر يامغۇر ۋە قار ياغقان كۈنلەردە كوچا ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ شەھەرنىڭ كۆركەم سېلىنغان بىنالىرى، يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر مېنى ئۆزىگە قىزىقتۇرالمايتتى. چۈنكى، مەن ئۈچۈن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زالىم كاپىرلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەسسىلىپ، تېپىرلاۋاتقان سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ئەۋزەل ۋە گۈزەل ئىدى. كوچىلاردا بىر — بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايدىغان، چىرايلىرىدىن سەبىيلىكلىرى چىقىپ تۇرىدىغان ئوماق باللارچۇ تېخى؟ ۋەتەننى ئەسلەپ يۈرىكىم زەرداپقا توشسىمۇ سۈكۈت ئىچىدە كوچىلارنى قانچىلىك ئايلانغىنىمنى ھېس قىلماپتىمەن. بىر چاغدا ئەسلىمگە كەلسەم، ھىجابلىرىم چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، سەل توڭلىغان ئىدىم. ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ھىجران ئازابى مېنى شۇنچىلىك قىيناپ، كېچىلىرى تۈنلەرنى بىدار، كۈندۈزلىرى مۇڭ - زار بىلەن كۈنلىرىمنى سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. سىرتقا مەھرەمسىز چىقىش ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كېلەتتى. تىل بىلمەسلىك مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ، مۇڭلىرىمنى كۈچەيتەتتى. دوستلىرىمنىڭ ئۆيگە بېرىش ئۈچۈنمۇ يوللارنى تېخى بىلمەيمەن، ئاپتوبۇسلارغا چىقىشتىن قورقىمەن. ئۆيلىرىگە چاقىرغان دوستلىرىم مېنى ئالغىلى ئۆزلىرى ئالدىمغا كېلەتتى. تولىمۇ قىينالدىم. سەپەرداش بولغانلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھال - ئەھۋاللىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. يولدا ئۆزئارا قىلغان ۋەدىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىستانبۇلغا كېلىش بىلەنلا ئاللىقاياقلارغا

يوقالدى. هايت - هۆيت دىگىچە بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئىقتىسادىم يەتكۈچە بار ئىدى. بىراق يات دۆلەت ۋە تونۇشسىز ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا مەھرەمسىز يۈرۈپ، اللە نىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ توي قىلدىم. ئەسلىدە ئون ئايلىق سەپەر جەريانىدىكى يۈرەكنى ئەزگۈدەك، ئۇنتۇلغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلەر ھېچنەرسە ئەمەس ئىكەنتۇق. اللە نىڭ ماڭا بولغان ئىمتىھانلىرى مەن توي قىلغاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. مەن ھىجرەت قىلغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسنى پەرىشتە كەبى تەسەۋۋۇر قىلىپ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن. مەن ھەر بىر ئىنسانغا سەممىي مۇئامىلە قىلغىنىم ئۈچۈن، باشقىلارمۇ ماڭا سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ قاراپ، تېخىمۇ چوڭ خاتالىق سادىر قىپتىمەن. مەن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسنى ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئەخلاقلىق ئىنسانلار دەپ ئويلاپ، قاتمۇقات خاتالىشىپتىمەن. مەن ئويلاپتىمەنكى، بىز ھەممىمىز ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمى تۈپەيلى ئانا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ چىقتۇق، ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بىر، يۈرەك جاراھىتىمىز ئوخشاش، بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى . . . شۇڭا بىر — بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايمىز ۋە ئۆزئارا زۇلۇم قىلمايمىز دەپ ئويلاپتىمەن. ھازىر ئويلىسام، ئەينى چاغدىكى مەن خۇددى تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى چۈجە ئىكەنمەن. شۇ ۋاقىتتىكى، ھىجرەت قىلغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا سەبىي گۆدەكلەرچە ئىشەنگىنىمنى ئويلىسام، كۆزۈمدىن ئاچچىق ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ، مەگزىلىرىمنى ئېچىشتۇرىدۇ. مەن ئۆزۈم ياتلىق بولغان ئادەمگە مۇسۇلمان ئايالدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق ۋە خۇلقلار بىلەن تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە مۇئامىلە قىلدىم، ھاياتىمدا ئانام ۋە دادامغا قىلىپ باقمىغان خىزمەتلەرنى قىلدىم. سالىھ ئاياللارنىڭ ئىتائىتىنى قىلدىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسلار بولسۇنكى! مەن مەنىۋى ۋە جىسمانىي

جەھەتتىن قاتتىق خورلاندىم. پۈچۈلاندىم. ھاياتىمدا ئاڭلاپ باقمىغان ھاقارەتلەر بىلەن ھاقارەتلەندىم. ھەتتا، مېنىڭ ئەڭ يېقىن باشقا دۆلەتتە تۇرىدىغان ئەر - ئايال قېرىنداشلىرىم، مېنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۈچ كۈن گېلىدىن تاماق ئۆتمەي بىئارام بولغانلىقىنى ئايالى ماڭا تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ئىدى. ۋەتەندىن مېنىڭدىن كېيىن تۈركىيەگە چىققان دوستۇم ئەھۋالىمنى چالبۇلا ئاڭلاپلا يۈرەك كېسەلى قوزغىلىپ، بىر ھەپتە يېتىپ قالغان ئىدى. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلغانلىقتىن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىمدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولغۇسى كېلىۋاتقاندۇ. ئەمما، قەلبلىرى، غېرىب - مۇساپىرلىق دەردلىرى سەۋەبىدىن تىلغىنىۋاتقان، روھىي چۈشكۈنلۈكلەر ئارىسىدا بىچارىلەرچە تولغۇنۇۋاتقان ئەزىز قېرىنداشلىرىمنىڭ مىسكىن قەلبلىرىنى تېخىمۇ بىئارام قىلغۇم يوق.

مەن اللە نىڭ ياردىمى بىلەن يۈرەكلىرىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتكەن بۇ ھاياتتىن قۇتۇلۇپ چىقتىم. ئوقۇشلىرىمنى اللە نىڭ پەزلى بىلەن باشلىۋالدىم. شەرئىي دەرسلىرىم رىتىملىق ياخشى كېتىۋاتاتتى. يېنىمغا ئوقۇش ئۈچۈن كىرگەن قىزلارغا دەرس بېرىشكە باشلىدىم. كۈنلىرىم شۇنچىلىك مەنىلىك ئۆتۈۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىمدە بىر سىقىلىش بار. ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم كۈلسە مەن كۈلەلمەيمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتسا، مەن بىر خىل ئىزتىراپ ئىچىدە، كۆز ياشلىرىم ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالەتتە يىپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپىمدا مېنى چۈشىنىدىغان، يۈرەك جاراھەتلىرىمگە مەلھەم بولغۇدەك بىرمۇ ئادەم يوق. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ شۇنچىۋالا ئېغىر دەرىجىدىكى بۇ ئىمتىھانلارغا سەۋر قىلىپ كېتىۋاتقىنىمغا ھەيران قالاتتىم. ھىجرەت سەپىرى جەريانىدىكى ئەڭ جاپالىق چارچاشلار ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكلەر جىسمىمدىن ئايرىلماي

تۇرۇپ، ئېغىر دەرىجىدىكى تالاپەتلەرگە دۇچار بولۇشۇم، مېنى قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە سالاتتى. قۇلاق تۈۋىمدە: سەن ھىجرەتنى نېمە ئۈچۈن، نېمە مەقسەتتە قىلغانىدىڭ؟مەقسىتىڭ تۈركىيەدەك ياۋروپالىشىپ كەتكەن، ئىسلام دىنىنى سۇيۇقلاشتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىنسانلار ئارىسىدا راھەت - پاراغەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشمىدى؟ سېنىڭ ۋەتەندە جايىناماز ئۈستىدە رەببىڭگە بەرگەن ۋەدىلىرىڭ قەيەرگە كەتتى؟ سەن ئۈچۈن سېغىنىش ئوتلىرى ئىچىدە يۈرەكلىرى كۆيۈپ كۈل بولغان، كېچىلىرىنى مۇڭ - زار ئىچىدە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ ئاتا- ئاناڭغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟ دېگەن ئاۋازنىڭ جاراڭلاپ تۇرۇشى مېنى تېخىمۇ قىيناپ بىئارام قىلاتتى. سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان ئانامنىڭ بىر چاغدا قىلغان سۆزلىرى ھېلىھەم ئېسىمدە. بىر كۈنى ئىككىمىز مۇھەممەد تاھىر فارۇق رەھىمەھۇللاھنىڭ ئۆزبېك مۇجاھىدلىرىغا قىلىۋاتقان دەۋەت ۋىدىيوسىنى قاتتىق تەسىرلەنگىنىمىزدىن يىغلاپ ئولتۇرۇپ كۆرۈۋاتاتتۇق. سۆيۈملۈك ئانام ماڭا قاراپ:

ــ ھەي جېنىم بالام! كۈيئوغلۇم ئۆزۈن مۇددەت كاپىرلارنىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. ئۇ يەردىن ساق چىقىش نىسبىتى تولىمۇ تۆۋەن. شۇڭا جېنىم بالام، سىزمۇ مۇشۇ مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغىلا كەتسىڭىزچۇ؟ ــ دېدى.

ــ راست دەۋاتامسىز ئانا؟ ــ دېدىم مەن خۇشاللىقىمدا.

ــ راست بالام، ــ دېدى ئانام يىغلاپ تۇرۇپ.

ــ ئانا، دادام ئىككىڭلار ياشىنىپ قالدىڭلار، ماڭا ئەڭ موھتاج ۋاقتىلىرىڭلاردا، سىلەردىن ئايرىلسام قانداق بولىدۇ؟

ــ جېنىم بالام، بىزدىن ئەنسىرىمەڭ. بىزگە الله بار، ــ دېدى ئانام.

ــ ئانا، سىز راستىلا رازىمۇ؟

ــ مىڭ مەرتىۋە رازى.

مەن تۈركىيەگە كېلىپ ئانامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قانچىلىك يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، يېنىمدا ماڭا تەسەللى بېرىدىغان ئادەممۇ يوق. ۋەتەندە بولغان بولسام، مۇسىبەت كۈنلىرىمدە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بولاتتى. ئۆزۈمنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلاتتىم. ياز كۈنلىرى كوچىلارغا چىققىنىمدا؛ كوچىلاردىكى يالىڭاچ تۈرك ئاياللىرىنى كۆرسەم نىقاب ئىچىدە كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ شۇنچىلىك بىئارام بولاتتىم، خۇرسىناتتىم، ئۆز ھالىمغا ئېچىناتتىم. ئاپتوبۇسلارغا چىققان ۋاقىتلىرىمدا تۈرك ئەر - ئاياللارنىڭ كېيگەن ھىجابلىرىمغا قارىتا يامان كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرى، ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلەشلىرى يۈرىكىمنى تىلاتتى.

بۇ ھەقتە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«إِنَّ الْعَبْدَ إِذَا أَخْطَأَ خَطِيئَةً نُكِتَتْ فِي قَلْبِهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ ، فَإِذَا هُوَ نَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ وَتَابَ سُقِلَ قَلْبُهُ ، وَإِنْ عَادَ زِيدَ فِيهَا حَتَّى تَعْلُوَ قَلْبَهُ ، وَهُوَ الرَّانُ الَّذِي ذَكَرَ اللَّهُ ( كَلا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ )»

«بەندە بىر گۇناھ ئىشلىگەندە، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ. ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلسا ۋە شۇ گۇناھنى قايتا قىلمىسا ھەمدە گۇناھى ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىسە، قەلبى (قايتىدىن) پارقىرايدۇ. لېكىن، گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە (قەلبتە پەيدا بولغان قارا چېكىتمۇ) يوغىناۋېرىدۇ. ئەنە شۇ الله (ئۆز كىتابىدا) بايان قىلغان {ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن ـ سۈرە مۇتەففىفىن 14 - ئايەت} (دېگەن ئايەتتىكى) «الرَّانُ» (داغ، قارا چېكىت)دۇر» [بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى (3334) ۋە ئىمام ئىبنى ماجە (4244) رىۋايەت قىلغان، ھەسەن]

كوچىغا چىقىسىڭىزلا، كۆزىڭىز ۋە قۇلاقلىرىڭىز هارامدىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ قەلبى قارىداپ، رەھىمسىز، تاش يۈرەك بولۇپ كېتىدىكەن. ئۆزىڭىزنىڭ تېپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىقتىساد ۋە ھېسسىيات قويمىچىلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا قەلبىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئازابقا توشۇپ كېتىدىكەن. بىغۇبار قەلبىم چەيلەنگەن، سەممىيەتلىرىم ئالدانغان، ئەتراپىمدا ماڭا چىرايلىق يوسۇندا تەسەللى قىلىدىغان بىرەر يېقىنىممۇ يوق، ئىزتىراپ ئىچىدە كۈنلىرىمنى شۇنچىلىك قىيىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە مەن ئاجايىپ ياخشى چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە جەننەتنىڭ ئىچىدە بىر مۇجاھىد بىلەن تويۇم بوپتۇدەك، مەن بىلەن قوشۇپ يەنە تۆت ھەمشىرىمىز بىلەن تۆت مۇجاھىدنىڭمۇ تويى بوپتۇ. مۇجاھىدلار بىزنى چىلىق باغرىغا بېسىپ ئۇلار ئۈستىدە بىز ئاستىدا جەننەتنىڭ ئىچىدە ئۈچۈپ كېتىۋاتاتتۇق. بۇ ۋاقىتتىكى راھەت ۋە خۇشاللىقنى تەسۋىرلەشكە قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ ئەلۋەتتە. قالغان تۆت مۇجاھىد ئەر - ئاياللارنى تونۇيالمىدىم. ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدە بىرخىل ھىجاب بار ئىدى. بىرئازدىن كېيىن، جەننەتنىڭ ئىچىدە ئۇ يەردە - بۇ يەردە مۇجاھىدلار ئۈچتىن تۆتتىن بولۇپ سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان يەرگە كەلدۇق. بۇ يەردە ياپيېشىل دەرەخلەر بولۇپ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى. مەن، سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان ئۈچ مۇجاھىدنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇلارنىڭ ئىككىسى بويلىرى ئېگىز، شۇنچىلىك چىرايلىق، چاچ - ساقاللىرى قويۇق، قاپقارا ئىدى. مەن ئۆزۈم بىلەن توي قىلغان مۇجاھىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «مەن باياتىن ئايال كىشى بىلەن نىكاھلاندىممۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق، مەن ئەر كىشى» دەپ ئورنىدىن تۇرغاچ تۈگۈۋالغان چاچلىرىنى قويۇۋەتتى، ئۇنىڭ قىزغۇچ چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. مەن

ئۇلارنى شۇ ھالەتتە قويۇپ، جەننەتنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرىپ ئانام بىلەن قىزىمنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، باشقا بىر ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۆيدە قارا ھىجاب كىيىۋالغان، چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئالتە ياكى يەتتە ئايالنى كۆردۈم. ئۇلار ئولتۇراتتى. مەن ئۆرە تۇرغان بولۇپ، بويلىرىم ئېگىز، شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدىمكى، 18 ياشلىق ھالەتتە ئىدىم. ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراۋاتاتتى، مەن ئۇ ئۆيدە جېنىم ئانامنى ۋە يۈرەك پارەم قىزىمنى تاپالماي، ئىچكىرىدىكى يەنە بىر ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۆيدىمۇ قارا ھىجاب كىيىۋالغان خېلى كۆپ ئاياللار ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا 30 ياش بىلەن 35 ياش ئەتراپىدا چاچ - ساقاللىرى قويۇق، قاپقارا، شۇنچىلىك قاملاشقان مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭمۇ ھېچقايىسىسىنى تونۇمىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدىلەر ئىدى. مەن شۇ يەردىلا تەكبىر ئېيتقان ھالىتىمدە ئويغىنىپ كېتىپ يىغلىغىنىمچە الله قا ھەمدە - سانا ئېيتتىم. شۇ كۈنى مەن بىر قىز ئوقۇغۇچىمنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالغان ئىدىم. مېنىڭ تەكبىر ئېيتىشىمدىن ئۇ قىزمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ: «ئاچا نېمە بولدىڭىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «جېنىم ئۇكام، ئاجايىپ ياخشى چۈش كۆردۈم» دېدىم. ئۇ قىزمۇ مەن ئۈچۈن خۇرسەن بولدى. سائەتكە قارىسام كېچە سائەت بىر يېرىم بوپتۇ. بۇ چۈش ماڭا ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلدى ئىمانىمدا ۋە ھاياتىمدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەن بۇ چۈشنى كۆرگىنىمدىن كېيىن، ئەتراپىمدا شامدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز توغرىسىدا يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە بولۇۋاتقان پىتنىلەرگە قارىماستىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. بۇ چۈش مېنىڭ ئىمانىم ۋە ھاياتىمدا ۋە جىھاد ئىبادىتى، شۇنداقلا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمغا قارىتا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى مەن چۈشۈم ئارقىلىق، ئۇزۇندىن بىرى ئويغىنالمىغان

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىم، خىرەلىشىپ قالغان يۇلتۇزۇم قايتىدىن يورۇشقا باشلىدى. سولاشقان، چەيلەنگەن، سۇندۇرلۇپ خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئەتىرگۈل، مېھرىبان رەببىمنىڭ پەزلى، رەھمىتى، ئېھسانى، قۇدرىتى بىلەن قايتىدىن كۆكلەپ، ئەتراپقا خۇش - پۇراقلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. مەن مۇبارەك شام زېمىنىغا كىرىپ كېتىش ئۈچۈن يول كۈتۈۋاتاتتىم، دوستلىرىم ئارقىلىق يۈرەك پارەم، جېنىم، سۆيۈملۈك دادامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋرىنى ئاڭلىدىم. يۈرىكىم شۇنچىلىك ئېزىلگەن ھالدا يىغلىدىم، ئەمما سەۋر قىلدىم. الله نىڭ ياردىمى بىلەن مەن شۇنداق ئاسان يول ئارقىلىق ئۆزۈم ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلغان، شېرىن خىياللارنى قىلغان، چۈشلىرىمدە تەكرار كۆرگەن، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئايىغى تەككەن مۇقەددەس زېمىنغا خاتىرجەم يېتىۋالدىم. الله اكبر الله اكبر.

الله نىڭ قەلبىمگە ئىلھام قىلىشى ۋە ماڭا ئۆزى ئاتا قىلغان تالانتىمنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىۋاتقان بىر مەزگىلدە،شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى شام شۆبىسى تەشۋىقات مەركىزى رادىيوسىدا مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئالدىدا رىياسەتچى قېرىندىشىمىزنىڭ ئەمدى ھۆرمەتلىك «بىر مۇجاھىدە ھەمشىرىمىزنىڭ ئەسىرىنى سۇنىمىز» دېگەن سۆزى يۈرىكىمنى لەرزىگە سېلىپ، ئۆزۈمنى ھېس قىلماسلىق ھالەتتە كۆز ياشلىرىم مەڭزىمگە چۈشۈۋاتاتتى. بۇ ئازاب يېشى ئەمەس، خۇشاللىق يېشى، ھەسرەت ۋە نادامەت يېشى ئەمەس، قەلبىمگە ئارام - بەخش ئەپ كېلىدىغان ياش ئىدى. مېنىڭ بۇ چىرايلىق ئاتالغۇدىن قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ ۋاقىتتا خۇشاللىقىمدا كۆز ئالدىمدىكى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياپيېشىل تاغلارنىڭ ئۈستىگە

چىقىپ: «ئانا، دادا، مەن سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلار، ئۈمىدىڭلار بويىچە مۇجاھىدە بولدۇم! دەپ بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىغۇم كەلدى.

# ئەينەك بىلەن كاستۇم

ــ ھەي ئەينەك ! چېقىلىپ نېمانچە سەت بولۇپ كەتتىڭ؟ ئېھتىياتسىزلىقتىن يەرگە چۈشۈپ كەتتىڭمۇ ياكى قاتتىق جىسىملاردىن بىرەرسى ساڭا تېگىپ كەتتىمۇ؟ ــ دېدى كاستۇم.

ئەينەك كاستۇمنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئېقىشقا باشلاپ ئەتراپىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئەينەكنىڭ يۈزى سىلىق بولغاچقا، كۆزىدىن ئاققان ياشلار تېزلا ئەتراپىغا چۈشۈپ، يامغۇر ياغقاندەك قىلىۋەتكەن ئىدى.

ــ بولدى سورىمايلا قوي! ھالىم بەك خاراب، مەن يەرگە چۈشۈپمۇ كەتمىدىم، بىر نەرسىمۇ تېگىپ كەتمىدى. ھازىرقى دەۋردىكى باغرى تاش ئىنسانلار مېنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار ماڭا كۈندە نەچچە ۋاخ قارايدۇ. مەن ئۇلارغا ھەققىي كۆيۈنۈپ، يۈزلىرىدىكى داغلارنى ۋە قارا - قۇرلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىمەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ماڭا غەزىپى كېلىپ، مۇشتىنى تۈگۈپ بىرنى قويىدۇ - دە، مەن چېقىلىپ پارە - پارە بولىمەن. ساھابىلەر دەۋرىدە، ئۇلار ماڭا قارىغان ۋاقىتلىرىدا، يۈزلىرىدىكى قارا - قۇرلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسەم، ئۇلار مەندىن خۇرسەن بولۇپ، يۈزلىرىمنى پاكىز سۈرتۈپ قوياتتى. ئەگەر مەن ئۇلارنى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان شەكىلدە چىرايلىق كۆرسەتسەم، مېنى ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋېتەتتى. ئۇلار اللّٰه تىن شۇنچىلىك قورقاتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ ئېيتقاندەك، ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىپ تۇراتتى. ماڭا قاراپ كۆرگەن يۈزلىرىدىكى ئەيىبلىرىنى سەممىيەت بىلەن تۈزىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىغا ئەمەس، بەلكى اللّٰه نىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۆزلىرىگە تەنقىدىي پىكىر

بەرگەنلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، ياخشى كۆرەتتى، ئاداۋەت تۇتمايتتى. بىراق ھازىرقى ئىنسانلار دەل ئۇلارنىڭ ئەكسىچە.

ــ ھەي دوستۇم، سەن ياشاشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىكەنسەن، ئەقلىڭ يوق ئىكەن. نېمىشقا ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلىسەن؟ مېنىڭدەك ياشىساڭ بولمامدۇ؟ ئۇلار مېنى قىممەت باھاغا ئېلىپ كېيىشىدۇ. مېنى كىيگەن ۋاقىتلىرىدا، مەن ئۇلارنىڭ سەتلىرىنى چىرايلىق، قېرىلىرىنى ياش، ياشلىرىنى سالاپەتلىك، پېقىرنى باي، ئادەتتىكى كىشىلەرنى باشلىق سۈپەت قىلىپ كۆرسىتىمەن - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئەتىۋارلايدۇ. مېنى ئۆيلىرىنىڭ ئېسىل ئىشكاپلىرىدا، سودا - سارايلىرىنىڭ ئەڭ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ساتىدىغان ئورۇنلىرىغا ئاسىدۇ. ئۇلار مېنى كاتتا ئەربابلارنىڭ يىغىنلىرىغا، توي مۇراسىملىرىغا، مېھماندارچىلىقلارغا كىيىپ بارىدۇ. سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ياشا. شۇ ۋاقىتتا ئىنسانلاردىن مۇشت يېمەيسەن، يۈزلىرىڭنى كۈندە نەچچە ۋاخ سۈرتۈشىدىغان بولىدۇ. كونىلار: «قارىغۇنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دەپتىكەن. ھازىرقى ئىنسانلار ماختىلىشنى، كۆتۈرۈلۈشنى، خۇشامەتنى، «ۋاي سىز قالتىس، سىز قابىلىيەتلىك، بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ئادەم قىلالمايدۇ» دېيىشلەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

ــ ياق! مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. مۇشت يېسەممۇ، خورلانساممۇ، ھاقارەتلەنسەممۇ، ھەتتا پارە - پارە قىلىنىپ ئەخلەتخانىغا تاشلانساممۇ، بارنى ئۆز پېتى كۆرسىتىمەن. ۋىجدانىم بىلەن ياشايمەن. ساڭا ئوخشاش دۇنيانىڭ ئازغىنە، ئەرزىمەس نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بۇلغاپ يۈرمەيمەن.

# كېلىڭلار! نىجادلىق يولىدا بىرگە ماڭايلى

كۈنلەر نېمە دېگەن تېز ئۆتكەن ھە؟! كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ھايىت - ھۇيىت دېگۈچە 2023 - يىللىق پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ كاتتا بايرىمى بولغان قۇربان ھېيتمۇ يېتىپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، قىيامەت يېقىنلاشقاندا كۈنلەردە بەرىكەت قالمايدۇ. كۈنلەر خۇددى بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكەندەك تېز ئۆتمەكتە. بۇلتۇر قۇربان ھېيت ھارپىلىرىدا، بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار تەسىرلىك دەۋەتلىرىمىز، سەرخىل ئەسەرلىرىمىز ۋە شېئىرلىرىمىز ئارقىلىق بىر - بىرىمىزنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەشكەن ئىدۇق. غېرىب، مىسكىن، ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان، چۈشكۈنلەشكەن روھىمىزغا تەسەللى بېرىش، روھىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن «الله خالىسا كېلەر يىل قۇربان ھېيت نامىزىنى، ئەزىز قەشقەر ھېيتگاھىنىڭ ئالدىدا تانكىلىرىمىزنى رەتلىك تىزغان، قورالLIرىمىزنى ئەتراپىمىزغا قويغان دەبدەبىلىك ھالەتتە ئوقۇيمىز» دېيىشكەندۇق. بۇ ھەم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىتاي كاپىرلىرىنىڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن يۈرەكلىرى ئېزىلگەن مەزلۇم خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇ - ئۈمىدى ئىدى. بۇ يەرشارىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان سابىت داموللام رەھمەھۇللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇجاھىدلاردىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى قۇرۇپ چىققان ئالىم ۋە ھەربىي قوماندانىمىز ھەسەن مەخسۇم رەھمەھۇللاھ بىلەن مۇجاھىدلار، شۇنداقلا ئاۋام خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ئاجايىپ گۈزەل، شېرىن كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشى يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يالقۇنجاۋاتقان ھەر بىر شەرقىي

تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالماي قالمايدۇ. ھەر يىلى روزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيت كەلگەندە، مەيلى ئەر - ئايال ياكى باي - كەمبەغەل، ياكى باشلىق - پۇقرا، قېرى - ياش بولايلى، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم. چۈنكى، بىز گۈزەل ۋەتىنىمىزدە جامائەت بولۇپ ھېيتلىشىپ، ئاتا - ئانىمىزنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىزنى يوقلىغان ۋاقىتلىرىمىزدىكى ئىناق - ئىتتىپاقلىقىمىزنى، ھېيت - ئايەم كۈنلىرىمىزدە بىر - بىرىمىزگە يەتكۈزگەن مېھرى - مۇھەببەتنى سېغىنغانىدۇق. دوستلار ئارا تويلىشىپ، شېھىد (إِنْ شَاءَ اللَّهُ) ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىغان ۋاقىتلىرىمىزدىكى سەمىمىيەتلەرنى سېغىنغانىدۇق. كىرگەن ئۆيلەردىكى ئوماق باللارغا ھېيتلىق بەرگەن ۋاقىتلىرىمىزدىكى سېخىيلىقىمىزنى سېغىنغانىدۇق.

بىز ۋەتىمىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى كېچە - كۈندۈز سېغىندۇق ۋە ئارزۇ قىلدۇق. ئەمما، بىز ئارزۇ قىلغان كېلەچەكنىڭ يولى مۇھەممەد قۇتۇپ ئېيتقاندەك، گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئورالغان بولماستىن، بەلكى، شوخا - تىكەن، دەرد - ئەلەم ۋە قان ياشلار بىلەن تولغان. بۇ يولغا شېھىدلەرنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن. بۇ يول قۇرۇق ئارزۇ - ھەۋەس بىلەن ئەمەس، بەلكى، قۇربان بېرىش ۋە ۋاز كېچىش، ئۆزىنى پىدا قىلىش، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش قاتارلىقلار بىلەن تولغان. ۋەتەننى فاشىست كاپىرلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن روھىيەت ۋە رېئاللىقتا الله تعالى نىڭ بىزگە قويغان تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئۆزىمىزنى جىھادقا ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ۋەتەننىڭ پەقەت قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، قولىمىزدىن كېلىشى كۈچ - قۇۋۋەت تەييارلاش، ھەربىي تەييارلىقلارنى قىلىش ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىش ئارقىلىق، زالىم

كاپىرغا قارىتا ئوت ئاچقان ۋاقتىمىزدا ئاندىن قولغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز چۈشەنگەن ۋە تونۇپ يەتكەن رېئاللىقلارنى ئېتىراپ قىلمايمىز؟ ئۆزىمىزنى ئويلىمىساقمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟ الله بىزگە ھىجرەت قىلىش نېمىتىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق زالىم كاپىرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇردى. چەتئەلگە سالامەت چىققاندىن كېيىن ھەرقايسىمىزغا ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ۋەتەننىڭ ۋەتەنداشلىقىنى ئېلىپ، شۇ دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىمىزگە مۇيەسسەر قىلدى. شۇ ئارقىلىق الله تعالى بىزلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىزلەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. بىز يەنە نېمىنى كۈتىمىز؟ نېمىگە تېڭىرقاپ يۈرىمىز؟! قەلب سادايىمىزغا قۇلاق سېلىپ باقايلى ! الله تعالى نىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىنى قانچىلىك ئېتىراپ قىلدۇق؟ بىز ئېرىشكەن ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ الله نىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئىنسان ئېرىشكەن ھەرقانداق ياخشىلىق الله تعالى نىڭ ئىلتىپاتىدۇر ۋە مەرھەمىتىدۇر. ھازىرقى دۇنيانىڭ سىياسى ۋەزىيىتى بىز ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. مۇشۇ پايدىلىق سىياسي سەھنىنى بىزگە تەييارلاپ بەرگەن رەببىم بىزلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟! بىزنى ھىدايەت قىلغان كىم؟ بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئىسلامنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىققان كىم؟ بىزنى ھىجرەتتىن ئىبارەت كاتتا ئىبادەتنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان كىم؟ الله بىزنى سان - ساناقسىز ئىنسانلار ئىچىدىن نېمە ئۈچۈن تاللىدى؟ ئەتراپىمىزدا الله نى تونۇماي، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلماي ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا قاراپ باقامدۇق؟ سان - ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەن رەببىم بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟

الله تعالى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۇئمىنلەر، سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله مۇ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ.} الله تعالى ۋەدىسىدە ئەڭ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇربان ھېيتلارنى سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىزدە، بىزلەرنى چىن قەلبىدىن كۈتۈۋاتقان، بىزلەرنىڭ تەكبىر ساداسىنى ياڭرىتىپ، كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قاتتىق قورقۇنچ سېلىپ (رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ مەككىنى فەتىھ قىلغان بەھەيۋەت قوشۇنىدەك) دەبدەبىلىك ھالدا شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا قەدەم بېسىشىمىزنى ئارزۇ قىلسىپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقان، ئاشۇ بىچارە، مىسكىن، غېرىب، مەزلۇم خەلقنى فاشىست كاپىرنىڭ زۇلمىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدۇرۇشنى ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىز دەپ تونۇغان بولساق، الله يولىدا مال - مۈلكىمىزنى، ۋاقتىمىزنى، پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىزنى، ھەتتا نەپسىمىزنىمۇ قۇربانلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخ سەھىپىلىرىگە ئىنساپ بىلەن قاراپ باقايلى، ساھابىلەر مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىدە تۇرۇش جەريانىدا ئەقىدە، ئىمان، ئەمەل، ئەخلاق ۋە ئەمەلىي تەييارلىق جەھەتلەردە نېمىلەرنى قىلغان؟ بىز بىلەن بىر زاماندا، بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئافغانىستان خەلقى دۇنيادا كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكا قاتارلىق كاپىرلارنىڭ قولىدىن ۋەتىنىنى قانداق قايتۇرۇپ ئالدى؟ بىزچۇ؟ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمىز؟ ۋاقتىمىزنى نېمىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز؟

ھەر يىلى بىز تەنتەنە بىلەن تەبرىكلەۋاتقان قۇربان ھېيت، قۇربىمىز يەتكەنلەر بىردىن قوچقارنى قۇربانلىق قىلىپ، مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھېيتلا ئەمەس. گوياكى ئىبراھىم عَلَيْهِ السَّلَام يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغاندا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن الله نىڭ

بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغاندەك ۋە بويسۇنغاندەك ۋە پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بىلەن ساھابىلىرى الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ۋەتەنلىرىنى، ماللىرىنى، ئائىلىلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغاندەك، بىزلەرمۇ رەببىمىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل بولغان دىنىمىز ۋە جانىجان ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، يۈرەك پارىلىرىمىزنى، مال - دۇنيالىرىمىزنى تاشلاپ، بىزلەرنى باغرىغا بېسىپ قارشى ئالىدىغان، ھەربىي بىلىملەرنى ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنى كۆيۈنۈپ ئۆگىتىدىغان شام دىيارىدىكى ئەزىزلىرىمىزنىڭ يېنىغا نېمىشقا بارمايمىز؟ بىز ئۇ يەرگە بارمايمۇ، كاپىرلارنىڭ ئاستىرتتىن ئېلىپ بارغان سۈيقەستى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ياش يىگىت - قىزلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ھەرخىل نام بىلەن ئاتالغان ۋابا كېسەللىرى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغا ئۇزىتىپ قويدۇق.

الله نىڭ قوشۇنلىرىدىن بىرى بولغان يەرنىڭ غەزەبلىك تەۋرىشى بىلەن ئەتراپىمىزدا ئۆلۈپ كەتكەن سان - ساناقسىز ئىنسانلارنى كۆردۇق. بىز تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان قىيىن ئەھۋال ۋە شارائىتلاردا ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق. بىز الله نىڭ ھىجرەتتىن ئىبارەت چاقىرىقىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ ۋە بويسۇنۇپ، بارلىقىمىزدىن الله ئۈچۈن ۋاز كېچىپ چىقتۇق. يەرشارىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە قىيىن، مۈشكۈل، خەتەرلىك سەپەرلەرنى بېسىپ ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق. ئەمما، بىزنى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ۋە ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ تۈركىستاننىڭ جىھادىغا قارىتا ئىمانى، ۋۇجۇدى، ئىقتىسادى، پىكرى جەھەتتىن تەييارلىقتا تۇرۇشتىن نېمە توسۇپ قوياۋاتىدۇ؟ كاپىرلار مىنۇت - سېكۇنت يىلتىزىمىزنى قۇرۇتۇش مەقسىتىدىكى ھىيلە - مىكرىدىن ھېچقاچان بوشىشىپ قالغىنى يوق. ئەمما، بىز قاچانغىچە بىخۇد ھالەتتە يۈرۈيمىز؟ بىزلەرنى ئانا ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپمۇ بولدى قىلماستىن، ياۋۇز قارا

قولنى چەتئەلگىمۇ سۇندىغۇ؟ نۇرغۇن ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپمۇ تاپالمىدۇق. دېمەك، ياۋۇز كاپىرنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى قىرغىنچىلىقى ئاشكارا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، چەتئەلدىكى قىرغىنچىلىقى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىر - بىرى بىلەن سۆركىلىشكەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا بىر سەپ بولۇپ بىرلىشەلەيدۇ، بىزچۇ؟ بىر ۋەتەندىن، بىر مىللەتتىن، تىلىمىز بىر، جاراھىتىمىز ۋە دەرد - ئەلەملىرىمىز ئوخشاش تۇرۇپمۇ، نېمە ئۈچۈن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى بىر سەپ بولۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئۆزئارا تولۇقلاشتىن، بىزنى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەختكە ۋە ئەزىزلىككە مۇيەسسەر قىلىدىغان يولدا بىللە ماڭمايمىز؟! بىز الله قا بەرگەن ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلغان، الله ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى ھەقىقىي ئەمەلىيىتى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي چاكارلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ئورۇنلىرىمىزدا شەرقىي تۈركىستانغا قىلىنىدىغان جىھاد چاقىرىقىنى كۈتۈپ تۇرساقمۇ بولاتتىغۇ؟ ئەي ئەزىز، مۆھتىرەم، جاپاكەش، سەۋرچان، ئۈمىدۋار، باغرى كەڭرى، چىدامچان، ئىرادىلىك، قەيسەر شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار! كېلىڭلار! قولمۇقول تۇتۇشۇپ، نىجادلىق يولىدا بىرگە ماڭايلى!

# مۇجاھىدلارنى يىغلاتقان قىز

مەن ھايات بولغان پىدائىي مۇجاھىدە قىزنى زىيارەت قىلىشنى، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدىم. مېنىڭ بۇ جاسارەتلىك، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك، سەۋرچان، تىرىشچان، ئىخلاسمەن، اللّٰه ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، اللّٰه قا بولغان مۇھەببىتى ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە بولغان سۆيگۈسى ھەربىر ئېغىز سۆزلىرىدە ۋە چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، اللّٰه قا بەرگەن ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلغان، شۇنچىلىك قىيىنچىلىق ئاستىدىمۇ، ھاياتىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن، اللّٰه تىن كاتتا ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئېغىر سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە قارىماستىن، ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك دەپ ھېسابلايدىغان بۇ قىزنىڭ ئىنسانىنىڭ قەلب تارىلىرىنى چېكىدىغان تەسىرلىك ھاياتىنى؛ غېرىب - مۇساپىرچىلىقتا دۇچار بولغان ھەرخىل قىيىنچىلىق ۋە دەرد - ئەلەملەر تۈپەيلىدىن ھاياتلىق چىرىغى پىلىلداپ ئۆچەي دەپ قالغان، ھاياتلىق يۇلتۇزلىرى خىرەلىشىپ قالغان، تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ئېغىر سىناقلىرى تۈپەيلىدىن، كەلگۈسى گۈزەل ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تۇيۇق يوللارغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئاياللار ۋە قىزلارغا ھەدىيە قىلماقچىمەن.

بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر كەيپىياتىم شۇنداق ياخشى ئىدى. قەلبلىرىم خۇرسەنلىككە چۆمگەن بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بىلەن دىدارلىشىدىغاندەك كەيپىياتتا ئىدىم. ئەگەر اللّٰه نىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن راستلا ۋەتەندىكى شۇ ئەزىز، سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بىلەن كۆرۈشسەم، مېنىڭ بۇ سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقان يۈرىكىم، ئايرىلىش ئوتىنىڭ ئازابلىقلىقى ۋە پىراق ھەسرىتىدىن

تىلغىنىۋاتقان، ھىجران دەردلىرىدە كۆنلىرىم ئۆزتراپ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆتۈپ ئاجىزلاپ كەتكەن يۈرىكىم بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ دېگەن خىيال قەلبىمدىن كېچىپ، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كېلىپ قالدى.

مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ قىزنىڭ ئۆيگە ئەتىگەندە باردىم. ئۇ قىز مېنى شۇنچىلىك خۇرسەنلىك بىلەن كۈتۈۋالدى. ماشا الله، ئۆيلەر شۇنچىلىك رەتلىك، پاكىز ئىدى. ئېغىر كېسەلنى بېقىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، ئۆيلەرنىڭ پاكىزلىقى، ھېچقانداق غەيرىي پۇراقنىڭ يوقلۇقى مېنى سۆيۈندۈردى. مەن ھەر قېتىم بۇ قىزغا قارىغان ۋاقىتلىرىمدا ساھابە رَضِيَ اللَّهُ عَنْهم ئانىلىرىمىزنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلەتتىم. يولدىشى جەگدە ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغان ياردار بولغاچقا، بىر نەچچە مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆرۈپ قويمىسا بولمايتتى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى قاتتىق ئىسسىق بولغان ۋاقىتلاردا.

